مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

# HERITAGE UIGHUR FOLKLITERATURE

# MIRAS 美拉斯 MIRAS



# ميراس

5
2005

ISSN 1004-3829



ساپال قاچىلار



**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!**

# مىراس


قوش ئايلىق ژۇرنال     2005 ـ يىل 5 ـ سان






(ئومۇمىي 91 ـ سان)


## مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا


ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ بۇرچ تۇيغۇسى ............
............ غالىب مۇھەممەد قارلۇق (1)
مەسئۇلىيەتسىز كۆيۈمنىڭ كېرىكى يوق.......... پاتەمنىسا داۋۇت (48)
جىمجىتلىقتا ئويلىغانلىرىم.................... ئابدۇقادىر جالالىدىن (72)


## ساتلىق ـ شاتلىق


مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى....كامال ھېسامىدىنوف (قازاقىستان) (4)


## چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار


ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت .......... نۇشىرۋان يائۇشېف (روسىيە) (14)


## كەچمىش ـ كەچۈرمىشلەر


دادام ئېيتقان ھېكايىلەر .................... ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم (22)


## ئادەت ئېرىماس


«ئىز» رومانىدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى توغرىسىدا ............
............ ئابدۇۋەلى ئايۇپ (26)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تائامى تۇتماچ (چۆپ)نىڭ ئۆتمۈشى.........
............ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى (33)



باش مۇھەررىر:
**يۇسۇپ ئىسھاق**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**نۇرنىسا باقى**
تارقىتىش بۆلۈمى مۇدىرى:
**ئەسقەر مەخسۇت**

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى.
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65－ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004－ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
باھاسى: 5.00 يۈەن

ئۇيغۇرلارنىڭ قەبرە مەدەنىيىتى ھەققىدە ......... غ. غوجىئابدۇللا (41)

## يىلتىزسىز دەرەخ بولماس

رىۋايەتلەر ......... مۇتەللىپ سېيىت (44)

## يەردىن ئۈندۈرۈق، كۆكتىن ئالدۇق

بەش مىڭ يىلدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇزغۇنچىلىق .........
......... گۈلشات تەلئەت تەرجىمىسى (52)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

بالىلار تەربىيىسى ۋە ھاياتلىق ......... غالىپ غوجىئابدۇللا (65)

## مەنىۋىيەت يۇلتۇزلىرى

ئەل سۆيگەن ئەلنەغمىچى مەخلەشخان ......... ئابدۇللا مەجنۇن (68)

## كۈلكە — جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار ......... قادىر ئۆمەر (75)

## ئاغدىن ـ باغدىن

باراڭ ئاستىدىكى پاراڭلار ......... يۇنۇس ئېلياس ئىدىقۇتلۇق (78)

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ۋاكالىتەن سېتىش ئورنى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولىدىكى قەلبداشلار كىتابخانىسى.

«مىراس» ژۇرنىلىنى توپ ۋە پارچە سېتىۋالماقچى بولسىڭىز، ئەكبەر ئەپەندى بىلەن ئالاقىلىشىڭ!

تېلېفون نومۇرى: 2866182 ـ 0991

يانفون: 13999185171

### مۇشتەرى بولۇڭ

ژۇرنىلىمىزغا ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق ھەرقانداق چاغدا مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ.

### ئەسەر ئەۋەتىڭ

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22ـ نومۇر. بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ. ئادرېسىڭىزنى، كىملىك نومۇرىڭىزنى ئەسەر كەينىگە قوشۇپ يېزىشنى ئۇنتۇماڭ.

### قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 ـ نومۇر (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 14 ـ قەۋىتىدە)

تېلېفون: 4554017 — 0991
پوچتا نومۇرى: 830001

主管: 新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
主办: « 美拉斯 » 编辑部 (乌市友好南路22号文联14层) 电话: 4554017 印刷: 新疆日报社印务中心 发行: 乌鲁木齐邮局 订阅: 全国各地邮局 国内统一刊号: CN65-1130/I 国外统一刊号: ISSN1004-3829 邮编: 830001 代号: 58-60 定价: 5.00元

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: خانىش ھاپىز لايىھىلىگەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ توي كىيىمى

پولات ئابدۇكېرىم خوجا فوتوسى



غالىب مۇھەممەد قارلۇق

# ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ بۇرچ تۇيغۇسى

MIRAS

مىلادىيە 1 ـ يىلدىن ھېسابلىغاندا بۈگۈنگە قەدەر توپتوغرا 2005 ـ يىل بولدى. بۇ جەرياندا ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا تۈرلۈك مۇناسىۋەت ئۆزگىرىشلىرى يۈز بەرگەندىن سىرت، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىدىمۇ، مۇرەككەپ ئىجتىمائىيەتتىمۇ رەڭگارەڭ ئۆزگىرىشلەر روي بېرىپ كەلدى. زامان تەرەققىي قىلغانسېرى ياشاشنىڭ شەرتلىرىمۇ ئاۋۇپ باردى. بۇ ھالەت بىز قەدەم قويۇۋاتقان يېڭى ئەسىرا، يېڭى ئەسىردە تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. بۇنىڭ ئارقىسىدا دۇنيادىكى كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ يېڭى ئەسىر تەسەۋۋۇرلىرى، مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىيات ئۈستىدىكى ئويلىنىشلىرى ئەۋج ئالدى ۋە ئېلىۋاتىدۇ. دەرۋەقە، دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا بىزمۇ تۈرلۈك ـ تۈمەن ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە يېڭى ئەسىرگە كىرىپ كەلدۇق. يېڭى ئەسىردىكى دۇنياۋى مۇلاھىزىلەرگە ئەگەشكەن ھالدا بىزدىمۇ ھەرخىل مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىلىپ خەلقىمىزگە خېلىلا زور ئويلىنىشلارنى ئاتا قىلىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. دېمىسىمۇ «بىلىم ئىگىلىكى» بەلگە قىلىنغان يېڭى ئەسىردە ھەربىر مىللەت، ھەر بىر خەلقنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىياتى چوڭ پۇرسەت ۋە خىرىسنىڭ ھەر ئىككىسىگىلا دۇچ كېلىدۇ. ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنى نىشان قىلغان ئىختىساسلىقلارنى تاللاش ۋە تاللىشىش ئاساسىي كۈنتەرتىپكە قويۇلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا «مىللەتنىڭ كېلەچىكى قولىدا» بولغان ئاياللارغا نىسبەتەن مەسئۇلىيەت ۋە كرىزىس تۇيغۇسى تېخىمۇ كۈچىيىشى زۆرۈر بولىدۇ. چۈنكى، مەۋجۇتلۇق نۇقتىسىدىن ئاياللار «مىللەتنى تۇغقۇچى ئانا» بولسا، تەرەققىيات نۇقتىسىدىن كېلەچەكنىڭ ئاساسىنى سالغۇچىلاردۇر. شۇڭا ئاياللارنى ئاجايىپ زور يۈكنى زىممىسىگە ئالغان ھاتەملەر دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ. بۇ جەھەتتە ئاياللار ئۆتىگەن رولنى ھېچكىم ئۆتىيەلمەيدۇ. شۇڭا ئاياللاردا دەۋرگە ماس بۇرچ تۇيغۇسىنىڭ بولۇشى زۆرۈر.

يېقىندا ئىشلىنىپ بازارغا سېلىنغان «ئازابلىق لەززەت» ناملىق VCD پلاستىنكىسىنى كۆرۈپ مىللىتىمىز قىسمەن ئاياللىرىدا شەكىللىنىۋاتقان ھەشەمەتخۇرلۇق، ئىسراپچىلىق ۋە يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر يازغان «داغۋازلىق كېسىلى» ھەققىدە ئەپسۇسلۇق خىياللارغا پاتتىم. ھازىر دېگەن قانداق زامان؟ دۇنيانىڭ تەرەققىياتى قانداق ھالەتتە؟ بىز قانداق قىلىشىمىز لازىم؟ دۇنياۋىلىشىش ئېقىمىغا قانداق، قايسى خاسلىقىمىز بىلەن كىرىمىز؟... دېگەندەك مەسىلىلەرنى ئويلانماي، ئورۇنسىز توي ـ تۆ-

كۈن، مەشرەپ ـ چايلارغا ئەرمەك بولۇپ كېتىۋاتقان، هازىر كىيىمنىڭ قايسىسى مودا، قايسى تاماق ئەڭ ئېسىل ۋە يېيىشلىك، كىم قولىغا قانداق ئۈزۈك، بويىنىغا قايسى خىل زەنجىر سالىتۇ... دېگەندەك باش ـ ئايىغىنىڭ تايىنى يوق تېتىقسىز مودا ـ ئېقىملارغا مەستخۇش بولۇپ ياشاۋاتقان، باللىرىنىڭ ئوقۇش ـ ئۆگىنىشى، كەلگۈسى توغرۇلۇق ئويلىنىپ كۆرمەيدىغان ھەمدە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 2005 ـ يىللىق قۇربان ھېيتلىق سەنئەت كېچىلىكىدە ئوينالغان «شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭ» ناملىق ئېتوتتىكىدەك ئاياللىرىمىز ھەققەتەن مەۋجۇت. ئېمىر ھۆسەيىن سەبۇرى تاشقى يالتىراقلىق ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ: «تاشقى كۆرۈنۈشتىكى زىبۇزىننەت مەسخىرىۋازلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس». بۈيۈك پەيلاسوپىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ مال ـ دۇنيا، شۆھرەتپەرەسلىك ھەققىدە مۇنداق پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەرنى قىلىدۇ: «ئادەم بالىسىنى بىچارە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ، چۈنكى، كۈن بويى دۇنيا يىغىدۇ، يېيىشكە نېسىپ بولمايدۇ. بەزىسى تىنماي يۈگۈرۈپ دۇنيا كېزىدۇ، بەزىسى جېنىنى تىكىپ دېڭىزغا كىرىدۇ، بەزىسى تاغ قېزىپ قىيالار تۈۋىگە بارىدۇ، بەزىلىرى يەر غۇلاچلاپ يالغىياغ يۈگۈرەيدۇ، بەزىسى داۋان ئېشىپ دەريالار كېچىدۇ، يەنە بەزىلىرى يەر قېزىپ قۇدۇقتىن سۇ ئىچىدۇ، بەزىسى جەڭلەردە قىلىچ ـ پالتا يەپ هالاك بولىدۇ، بەزىسى قەلئە ـ تورالاردا ئىشلەپ قېرىيدۇ. بەزىسى ئوغرى، ئالدامچى، قاراقچى، هىيلىگەر، بەزىسى باسمىچى، قاتىل، قىرغىنچى كېلىدۇ. بۇ مۇشەققەتلەرنىڭ ھەممىسى نەپسى، كېيىم ـ كېچەكنى ئۈچۈندۇر. مال ـ دۇنيا توپلاش، يېمەسلىك، ئۆلگەندە پۇشايمان قىلىش ـ بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر. بىلىمسىز كىشىلەر تامامەن هايۋانغا ئوخشايدۇ. شۇڭا مال ـ دۇنياغا گول بولما، ئۇ يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۆتۈپ كېتىدۇ.» بەرهەق، مۇتەپەككۇر ئېيتقاندەك، مال ـ دۇنياغا گول بولۇپ، ھەشەمگە بېرىلىپ ياشاش بىلىمسىزلىك بولۇپلا قالماي، يەنە كىبىلىپ هايۋاندەك ياشاشتۇر. چۈنكى، هايۋانلاردا پەقەت ۋە پەقەت ياشاش ئىستىكىلا بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ مۇتلەق كۆپ ساندىكى هايۋانلار ئۆز بالىسىنىڭ هاياتىي كاپالىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئەمما، بىزنىڭ ئالى ـ سەۋىيىلىك بىر قىسىم ئانىلىرىمىز ھەتتا ئۆز باغرىنى يېرىپ چىققان بالىسىغىمۇ مەسئۇل بولالمايۋاتىدۇ. بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىشىگە مال ـ دۇنيا كېرەك ئەمەس، ياخشى خۇي ـ پېئىل كېرەك. شۇنداق كىشى زۆرۈر بولغاندا ھەممە ياخشى نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ.» توغرا، ئاياللار ياخشى خۇي ـ پېئىلى بىلەن نازاكەتلىك.

يۇقىرىقىدەك ئاياللىرىمىزنىڭ ئەكسىچە، بۈگۈنكى كۈندە مىللىتىمىز ئاياللىرى ئىچىدىن پەم ـ پاراستى ۋە تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ نەتىجە ۋە شان ـ شەرەپكە مۇيەسسەر بولۇۋاتقان كارخانىچىلار، دوكتور، ئالىملار، ھەر ساھە، ھەر كەسىپ ئىگىلىرى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ، خەلقىمىزگە مول مەنىۋى ئوزۇق ۋە جاسارەت ـ هاياجان ئاتا قىلىۋاتىدۇ، مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ئۆزگىچە شەكىللەردە جۇلالاندۇرۇۋاتىدۇ. ئەرلەر قىلالىغانىنى ئۆزلىرىنىڭمۇ قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاۋاتىدۇ. مانا ئۇلار مىللىتىمىزنىڭ ھەقىقىي بايلىقلىرىدۇر، مۇبارەك ئانىلىرىدۇر. مەسىلەن، ئۈرۈمچى «گۈزەل هايات رېستورانى»نىڭ دىرېكتورى زەكىيە خانىم بىلەن «ئالىيە خانىم رېستورانى»نىڭ دىرېكتورى ئالىيە خانىم كەبى ئىگىلىك تىكلەپ بېيىش يولىنى تېپىپ، بۇ ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ مائارىپ ـ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن خالىس قوللاۋاتقان ئايال كارخانىچىلار، رەيھان ئاپپاي قاتارلىق «30 مېھرىبان ئانا»غا ئوخشاش ئەھمىيەتلىك چايلار ئارقىلىق ئوقۇشسىز باللارنىڭ بېشىنى سىلاشقا مەبلەغ توپلاپ ئانىلىق ماقامىنى نامايان قىلىۋاتقان پەزىلەتلىك ئانىلىرىمىز، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاتوم فىزىكىسى تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەۋاتقان دوكتور ساھىبجامال دۆلەت خانىمغا ئوخشاش ئالىملىرىمىز بىزگە قانچىلىك ئىلھامبەخش تۇيغۇلارنى ئاتا قىلىدۇ ـ ھە! ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلار ئاياللاردا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەت ـ خىسلەتلەرنىمۇ ئىما قىلىپ تۇرۇپتۇ.

قايسىدۇر بىر گېزىتتىن ئوقۇشۇمچە، ياپونىيىدە ئاياللار ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ پەرزەنت تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىكەن. دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئىگە ئايالمۇ زۆرۈر تېپىلسا پەرزەنت تەربىيىسى ئۈچۈن ئۆز خىزمىتىدىن كېچىشكە رازىكەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە شۇ پەرزەنت ياپونىيىنىڭ «كەلگۈسى» دەپ قارىلىدىكەن. شۇڭا ياپونىيىدە ئاياللار ساپاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى جىددىي كۈنتەرتىپكە قويۇلغانىكەن. خۇددى «ئېپار تۇلۇمنىڭ ئېپارى تۆكۈلسىمۇ پۇرىقى قالار» دېگەندەك پەرزەنت ئۈچۈن ئائىلە ئايالى بويكەتسىمۇ، بالا تەربىيىسىگە يەنىلا مۇئەييەن ساپا بىلەن كىرىپ كېلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئائىلىنىڭ كۆپ قىسىم يۈكىنى ئەرلەر مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئۈستىگە ئالىدىكەن. مانا بۇ ياپونىيە ئاياللىرىدىكى كۈچلۈك بېغىشلاش روھىدۇر.

بۇنداق روھ خەلقىمىز ئايالliرىدىمۇ كۆپلەپ ئۇچرايدۇ.
ئالتە بالىنى ئۆزى يالغۇز تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان،
ھەتتا ھەممىسىنى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتالىغان يىراق
سەھرادىكى ئانىلار بىزگە ئۈلگە ئەمەسمۇ! كېسىپ ئېيتىشقا
بولىدۇكى، بۇنداق روھ مۇئەييەن ساپا (ئاشۇ ئۇلۇغ ئا-
نىلىرىمىزدا ساپا يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟)، گۈزەل
ئەخلاق ۋە كىرىزىس ئېڭىدىن يېتىلىپ شەكىللىنىدۇ. دە-
رىخا، ھەممە ئەزايى بېجىرىم تۇرۇقلۇقمۇ، ئانىغا خاس
ياشىيالمايۋاتقان ئاياللارنى نېمە دېگۈلۈك؟ مېنىڭچە، ئۇ-
لارغا نىسبەتەن ئەرنىڭ بەرگىنىمۇ ئىسراپچىلىقتۇر. ھەز-
رىتى ئەلىشىر نەۋائى توغرا ئېيتىدۇ: «كەتمەن چاپالايدى-
غان، ئوتۇن توشۇيالايدىغان ياش دىۋانىغا نەرسە بەر-
سەڭ، ئۇ تەڭرىنىڭ مېلىنى زايە قىلىۋېتىدۇ».
  يېڭى ئەسىردە ئاياللارنىڭ تىرىشىپ ئۆز ساپاسىنى
ئۆستۈرمەكلىكى دەۋر تەرەققىياتىنىڭ، مىللەت مەۋجۇتلۇق
كاپالىتىنىڭ تەخىرسىز تەلىپىدۇر. چۈنكى، ھازىر كىشىگە
مال ـ دۇنيادىن كۆپرەك بىلىم ۋە ھۈنەر تولىمۇ كېرەكلىك
بولۇپ قالدى. مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى: «گۆھەرلە-
رىڭنىڭ كۆپلۈكىدىن ھۈنىرىڭنىڭ كۆپ بولۇشى ياخشى-
دۇر، ھۈنەرسىز كىشى خۇددى ياپراقسىز دەرەخكە ئوخ-
شايدۇ، ئۇنىڭ ئۆلى ۋە شېخى بولغان بىلەن سايىسى
بولمايدۇ، ھۈنەرسىز كىشى قانچە ئالىي نەسەبلىك ئېسىل-
زادە بولغىنى بىلەن خالايىق ئالدىدا ھۆرمەتكە ئىگە بو-
لالمايدۇ» دەيدۇ. شۇنداق، ھۈنەر بىلىم ئارقىلىق مەي-
دانغا كېلىدۇ. پەرزەنتنى يارامىلىق تەربىيىلەش ئۈچۈنمۇ
بىلىم كېرەك. «ئىدراكلىق كىشلەردىن كىشىلىك كېلىدۇ،
بىلىملىك كىشلەر ئادەمنىڭ ئادىمىدۇر» دەيدۇ بوۋىمىز
يۈسۈپ خاس ھاجىپ. ئادەمدە بىلىم بولغاندىلا ئاندىن
بەختىنىڭ ئىشىكىنى چەككىلى ۋە خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئې-
رىشكىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. توغرا ئەقىدىنىڭ بولۇشى
بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ سۆزى
بويىچە ئېيتقاندا «بەخت ھەر قانداق ئادەم تەلپۈنىدىغان
مەقسەت بولۇپ، ئۇ چەكسىز كامالەتتىن ئىبارەت». ئىن-
سانىنىڭ دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇپ ياشاشتىكى تۈپ مەقسى-
تىمۇ ئىنسانىي كامىللىق، يەنى كامالەتتۇر! شۇڭا ئاياللاردا
توغرا ئەقىدە ئاستىدىكى ئۇلۇغۋار مەقسەت بولۇشى كې-
رەككى، ھەرگىزمۇ ياخشى يېيىش، ئېسىل كىيىنىش بىلەن
خاراكتېرلەنگەن ھۇزۇرى ـ ھالاۋەتشۇناسلىق بولماسلىقى
كېرەك. ئىنسان ئۈچۈن مۇراد ـ مەقسەتنىڭ بولماسلىقى
خۇددى ئەلىشىر نەۋائى ئېيتقاندەك: «مۇنچىغا چۈشۈپ
پاكلانماي چىققانغا ئوخشاش»تۇر.
  بۈگۈنكى كۈندە ئېچىۋېتىشتىن كېلىپ چىققان سىرتقى
غىدىقلىما مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا مىللىتىمىزنىڭ
ئۆرپ ـ ئادەت، ئەخلاق ـ ئەھكاملىرىدىمۇ ئاز ـ تولا
تەۋرىنىش كۆرۈلمەكتە. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم خانىم ـ
قىزلىرىمىزدىكى ئەخلاقىي چىركىنلىك باش كۆتۈرۈپ
چىقتى. مىللەتنىڭ ئانىلىرى كاردىن چىقسا ئەۋلادلىرى
قانداق بولغۇلۇق؟ تارىختىكى ئەخلاقى بۇزۇلۇشتىن زا-
ۋاللىققا يۈز تۇتقان قوۋم، ھاكىمىيەتلەر بىزگە سىر ئە-
مەسقۇ؟ شۇڭا ئاياللىرىمىزدا ئەۋلادلىرىمىز ئەندىز ئال-
غۇدەك گۈزەل ئەخلاقىي سۈپەتلەر بولۇشى لازىم. ئاياللار
كىشىنى لال قىلغۇدەك ئەخلاقىي ۋە ھۆسنى بىلەن گۈ-
زەللىك پەرىشتىلىرىدۇر. ئەگەر، ئۇنىڭغا يېتەرلىك ساپا
قوشۇلىدىغان بولسا، مانا بۇ «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت
كۆز»نىڭ قوندۇرۇلۇشىدۇر. ئۇنداقتا بۇنداق گۈزەللىككە
نېمىمۇ تەڭ تۇرالىسۇن؟ «بۇ دۇنيادا ئۆزۈڭگە بايلىق
تىلىمەكچى بولساڭ، توغرا ئادەم بول، توغرا سۆز قىل،
يەنە بىر دۇنياغىمۇ ئېرىشەي دېسەڭ ئۆزۈڭنى، دىلىڭ ۋە
تىلىڭنى پاك تۇت». (يۈسۈپ خاس ھاجىپ) ئەلۋەتتە،
توغرا سۆزلۈك بىلىمدىن كېلىدۇ، ئادەم بولۇش— ئەخلاق
جۈملىسىدىندۇر. ئەخلاق بىلەن بىلىم زىچ مۇناسىۋەتلىك
بولۇپ، ئەخلاق بىلىم ئارقىلىق تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ،
بىلىم ئەخلاق ئارقىلىق ئۆزىنى قارار تاپقۇزىدۇ. شۇڭا
ئەبۇ نەسىر فارابى: «ياخشى ئەخلاق بىلەن ئەقلىي ئىقتى-
دارنىڭ ھەر ئىككىلىسى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننىڭ قە-
دىر ـ قىممىتى ھېسابلىنىدۇكى، ئىنساننىڭ ھەر بىر ئىش-
تىكى پەزىلىتى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە پائالىيىتىنىڭ يۈكسەك-
لىكى ۋە كامالىتى تەرىپىدىن گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولىدۇ»
دەيدۇ. ئاياللار ئۈچۈن ئەدەپ ۋە ھايا قىممەت باھالىق
كىيىمدۇر. ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ سۆزى بويىچە ئا-
ياللار ئەنە شۇ ھايالىق ۋە ئەدەپلىكى بىلەن «تەزىم ۋە
ھۆرمەت كۆرگۈسىدۇر».
  يېڭى ئەسىر رىقابەتلىك ئەسىردۇر. بۇ ئەسىردە رىقا-
بەتنىڭ تېخىمۇ كەسكىن بولىدىغانلىقى ئېنىق. ئاياللاردىمۇ
بۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر خىل روھىي زىلزىلە ـ كىرىزىس
تۇيغۇسى ۋە ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسى بارغانچە گەۋ-
دىلەنمەكتە ۋە گەۋدىلىنىشى كېرەك. كەلگۈسى ئىشلار
يالغۇز ئەرلەرگىلا خاس ئەمەس. ئاياللارمۇ ئۆزىنىڭ
«يېرىم دۇنيا»لىق ئورنى بىلەن ئەرلەر قىلالىغاننى ھەم
قىلالايدۇ ۋە قىلىشى كېرەك. شۇندىلا ئۇلار ئۆزىنىڭ
ھازىرقى ۋە كەلگۈسى بۇرچىنى تونۇيالىغان بولىدۇ. بەر-
ھەق، كېلەچەك ئورتاق يارىتىلىدۇ...

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك 46 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى



# مومامنڭ شپالق دورلرى*

2005 . 5

كامال ھېسامدىنوف (قازاقستان)

## سۇلۇق ئىششق

ئادەم بەدىنىنىڭ، جۇملدىن، پۇتننڭ ئىششپ كېتشنڭ ھەرخل سەۋەبلرى بار. مەسلەن، بىرلرىنىڭ يۇرەك، يەنە بىرلرىنىڭ بۆرەك ئاغرىقدىن، يەنە بىرلرىنىڭ سۇيدۇك يوللرى ئاغرىقدىن بولدۇ. ئۇنى ئۆز ۋاقتدا داۋالسا چوقۇم قۇتۇلغلى بولدۇ. ئالدى بلەن سۇيدۇكنىڭ كەلمەسلىك سەۋەبنى ئېنىقلاش لازىم. ئاندىن شۇ ئاغرىققا قارشى دورا ئىشلتىش كېرەك. بۇ ھەقتە سالامەتلىك ھەققدە ھېكايلەرنىڭ يۇقرىدىكى بابلرىدا قسمەن ھېكايە قلىنغانىدى. بۇ مەخسۇس بابنىڭ يېزىلشغا ب ئىسملىك 45 ياشلىق زىيالىي بىمارنىڭ ئالدىمغا كېلشى سەۋەب بولدى.

بۆلۈممگە چىرايى تاتىرىپ، كۆزلرى كىرتەيگەن، قاپاقلرى ئىششغان بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگرى مېنىڭ ئالدىمغا كەلگىنىدە تامامەن باشقا ئاغرىقنىڭ بارلىقنى ئېيتىپ، دورا بېرىشمنى سورىغان، ئىلتماسى ۋاقتدا ئورۇنلانغان بولسمۇ، لېكىن، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇ دورىنى ئېچشنى تېخى باشلماپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستگە كېينكى كۈنلرى بۆرىكى ئاغرىپ، ئارامى قالماپتۇ.

— ھازىر ئۇ ئاغرىقىم بىر تەرەپتە قالدى، — دېدى ئايال، — ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ يەنە كەلدىم. باشلا دېسىڭىز دورىنى بۈگۈنلا باشلايمەن، بىراق، ھازىر بۆرەكىنىڭ دەردى يامان ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ. ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن، ئەتىگىنى ئورنۇمدىن خۇددى تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمىغان ئادەمدەك تۇرىمەن. يۈز ـ كۆزۈم ھۆپپىدە ئىششىپ كېتىدۇ. ئەينەككە قاراپ، ئۆزۈم ئىكەنلىكىمگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. دوختۇرلار بۆرىكىڭىدە قۇم بار ئىكەن.

---

* بېشى ئالدىنقى ساندا

دېيۇىدى. بەزىدە ئىچىمدىن قۇم چىقىدۇ. مەسلىھەتىڭىزگە مۇھتاجمەن.

ئۇ ئايال ئىلگىرى ئالدىمغا كەلگىنىدە بۇ سۆزلەرنى يوشۇرغان، شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ، بۆرىكىدە قۇم ياكى تاش بولسا كېرەك، دەپ گۇمان قىلىپ، قانتېپەرنى ئىچىشنى تەكلىپ قىلىۋىدىم.

ــ ئاكا، ئۇنى باشقىلارمۇ ئېيتقان، بىراق، ھېچ كۆڭلۈم تارتمىدى. ئېھتىمالىم بەك كۆچلۈك دورا بولسا كېرەك، ــ دەپ يېقىن كەلمىدى.

ــ قېرىنداش، ئۆزىڭىز بىلىسىز، ھەركىم پەقەت ئۆزى ئۇچۇن ياشايدۇ. شۇنداققۇ دەيمەن.

ــ ئۇغۇ شۇنداق، بىراق...

ــ مەن سىزگە ئورۇس چاققىقىنى تېپىپ قاينىتىپ، بىر كۈن تۇرۇپ بىر كۈن ھەر قېتىمدا 15 مىنۇتتىن ۋاننائال، كۆمىقوناق پوپۇكى، سەۋزىنىڭ كۆكى، سۇلۇ كۆكى، قېرىقىز يىلتىزىدىن مەخسۇس قايناتما تەييارلاپ كۈنىگە ئۈچ قېتىم، تاماقتىن 15 ــ 20 مىنۇت ئىلگىرى 30 گرامدىن ئىلمان ئىچ، دېسەم شۇ گىياھلارنى تاپالامسىز؟

ــ ئۇ گىياھلارنىڭ بەزىلىرىنى ئاڭلىغىنىم بولمىسا، كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىم يوق. ئۇنى تېپىپ بەرگۈدەك يېقىنىممۇ يوق.

ــ شۇنى كۆزدە تۇتۇپ، سىزگە ئەڭ يېنىك، ھېچ كىمگە چىراي سارغايتمايدىغان دورىنى تەكلىپ قىلىۋاتىمەن.

ئۇ سومكىسىنىڭ بېغىنى ئۈزىنغان ھالدا شۇك ئولتۇرۇپ قالدى.

ــ بۇگۇن، ئەتە زۆرۈر بىر ئىشىم بار ئىدى. شۇ ئىشىمنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ كەلسەم بولامدۇ؟ ــ دېدى ئۇ سۇكۇتتىن كېيىن.

ئۇنىڭ ئوبدانراق ئويلىشىپ كېلەي، دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

ــ ئۆزىڭىز بىلىڭ، ئىشىكىم ھەمىشەم ئوچۇق، ــ دېدىم.

ئايال ھۇزۇرخالىق ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. مەن بېشىمنى چايقىدىم. يېنىمدا ئاينۇرەم ئىسىملىك پراكتىكانت قىز بار ئىدى.

ــ مۇشۇ ئادەملەر «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دېگەننى بىلمەمدىكىنە؟ سالامەتلىك بولمىسا ئىشنىڭ نىمە كېرىكى؟ ــ دېدىم.

ــ كامالىددىن ئاكا، ــ دېدى ئاينۇرەم مېنىڭ گېپىم ئاياغلىششى بىلەن، ــ مېنىڭ ھەدەمنىڭ بۆرىكى ئاغرىپ پۇتلىرى ئىششىپ، يېتىپ قېلىۋىدى، چوڭلاردىن بىرى «ئاغزى ئېچىلمىغان قاپاق چۆمۈچتىن بىر تال ئېلىپ ھاۋانچىدا سوقۇپ قاينىتىپ، شۇنى چاي ئورنىدا ئىچكىن» دەپ مەسلىھەت بەرگەن ئىكەن. ھازىر شۇ قايناتمىنى ئىچىۋاتىدۇ. ئىششىق تامامەن قايتتى. مۇنۇ ئايالمۇ شۇنى ئىچسە بولماسمىدى؟

مەن قاپاق چۆمۈچ قايناتمىسىنى كاناي يالپۇغى بىلەن كۆكىرىپ كېتىدىغان زىققىغا، بەلغەم چىقماي ئاۋارە قىلغان ئاغرىقلارغا بېرىپ سىناپ كۆرگەن ئىدىم. راست، ئۇنىڭ سىيدۈك ھەيدەيدىغان خۇسۇسىيىتىمۇ بار. ئەمما بۆرەك ئاغرىقىغا ئىشلىتىپ كۆرمىگەن. ئىشلىتىپ كۆرسە زىيان بولمايدۇ. بىراق ئۇنى تاپالامدۇ، يەنىلا ئۆزۈمگە يېپىشمىسا، دەپ ئويلىنىپ قالدىم.

ــ تاپالماسمىكىنتاڭ؟ ــ دېدى ئاخىرى.

ــ ئۆيغۇر ئايالىغۇ، نېمىشقا تاپالمىسۇن؟

ــ ھەي ئاينۇرەم قىزىمەي، شەھەرلىكلەرنىڭ ئۇنى بىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. يەنە كېلىمەن، دەپ كەتتى. كەلسە ئېيتىپ كۆرەرمەن.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، ۋەدىسىدە تۇرۇپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا ئاينۇرەمنىڭ رېتسېپىنى ئەينەن سۆزلەپ بەردىم.

ــ كامالىددىن ئاكا، ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى دەيدىكەنسىز، مەن ئۇنى نەدىن تاپارمەن، ياخشىلىق قىلغانىدىن كېيىن ئاخىرىغىچە يەتكۈزۈڭ ــ دەپ ئۇمۇ بوش كەلمەي ئاياللارغا خاس جىلوە بىلەن مىيىقىدا كۈلدى.

ــ بوپتۇ. ئەتە بىر تېلېفون قىلىڭ.

«ئېغىزدىن چىقتى، ساقالغا ياماشتى»، خېلى يىللار ئىلگىرى پەرزەنتلەردىن بىرى كاناي يالپۇغى بىلەن ئاغرىپ، كىملەرنىڭدۇر تەكلىپى بىلەن بىر دانە قاپاق چۆمۈچنى ھاۋانچىدا سوقۇپ قاينىتىپ ئىچكۈزگەنىدىم. شۇنىڭدىن ئازراق قېلىۋىدى.

ئامباردىن شۇنى تېپىپ ئاپالىغا بەردىم.

— بۇنى سىرلىق قاچىدا قايىنتىپ سۈيىنى ئىچىپ كۆرۈڭ. تەلىيىڭىز بولسا، بۆرەك ئاغرىقىدىن مۇشۇنىڭ بىلەن قۇتۇلۇپ كېتىشىڭىز مۇمكىن.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، ب تېلېفون ئارقىلىق بۆرىكىنىڭ بارغانسېرى ياخشى بولۇۋاتقانلىقىنى خەۋەرلەپ، مېنى خۇشال قىلدى.

قاپاق چۈمۈچىنىڭ بۆرەك ۋە سۈيدۈك يوللىرىدىكى سوغۇق تەگكەن يەرلەرگە قانچىلىك تەسىر قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما، ئۇ سۈيدۈكنى كۆپلەپ ماڭدۇرۇشتا خېلىلا مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئادەم ئورگانىزمىدىكى سۈنى ئازايتىپ، شۇ جەرياندا بۆرەك ۋە سۈيدۈك يوللىرىدىكى قۇملارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشىدە شۈبھە يوق.

### سېسىق كېكىرىش

بۇ ئاساسەن ئۆزىنى چاغلىماي ياكى ئۆزى تويسىمۇ كۆزى تويماي تاماقنى كۆپ يېيىش، ئېغىر تاماقتىن كېيىن خىلمۇخىل مېۋە - چېۋىلەرنى كۆپ يېيىشتىن، بەزىدە ئاشقازاننىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدىغان ئەھۋال.

بۇ ئەھۋالنىڭ چارىسى ئۆزىنى چاغلاپ يېيىش. ئىككىنچىدىن، مۇبادا ئاشقازان ئاغرىقى تۈپەيلىدىن بولسا، ئاشقازاننى داۋالاش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، بەزى ئېھتىياتچان، ھايات تەجرىبىسى مول كىشىلەر ئادەتتە تاماقتىن كېيىن يانچۇقىدىن ئىگىر چىقىرىدۇ - دە، كىچىككىنە چىشلەپ، تىلىنىڭ ئاستىغا سېلىپ شۈمۈيدۇ. بۇ ئۇنۇمى يۇقىرى ئۇسۇلدۇر. ئۇنداق بولغىنى ئىگىر يەل ھەيدىگەندىن سىرت ئاشقازاننىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنى ياخشىلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاماق تېز ھەزىم بولىدۇ. ئادەم سېسىق كېكىرىشتىن تېز قۇتۇلىدۇ.

### كېچىسى تەرلەش

بىر كۈنى يېزىدا تۇرىدىغان كىچىك ئانام مېھمانغا كېلىپ قالدى. پاراڭدىن پاراڭ چىقىپ ئۇ:

— كېچىسى تەرلەيدىغان بىر ئەسكى ئاغرىققا ئۇچراپ قالدىم. چىلىق - چىلىق سۇ ئىچىدىلا ياتىدىغان بولدۇم. ئوغرى تەرمىكىنتاڭ، — دېدى بىپەرۋالىق بىلەن. ئوغرى تەر، جان تەر دېگەنلىرىدىن خەۋىرىم يوق. ئەمما كېچىسى تەرلەش بويىچە يۈرگۈزگەن بىر تەجرىبە يادىمغا چۈشتى. كىچىك ئانىغا شۇنى ئېيتىپ، ئەتىگەن دورا بېرەي، دەپ خاتىرجەم قىلدىم. ئەتىسى ئۇنىڭغا بىر بولاق چايكوكات، بىر بولاق قوي بۆلجۈرگىنى يوپۇرمىقى بولاپ بەردىم.

— ئالدىدا قوي بۆلجۈرگىنى يوپۇرمىقىنى دەملەپ، كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 گرامدىن تاماقنىڭ ئالدىدا ئىچىڭ، ئون كۈندە ھەممىسى ئايان بولىدۇ. ئەگەر بۇ كار قىلمىسا مۇنۇنى دەملەپ ئىچىڭ، — دەپ شالغىي دېگەن كوكاتنى بەردىم.

ئارىدىن ئۈچ - تۆت ئاي ئۆتۈپ، كىچىك ئانامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قالدىم. بىر ۋاقىتتا يادىمغا بەرگەن دورام چۈشتى - دە، ئەھۋال سورىدىم.

— راستىنلا سىزگە دېمىدىممۇ؟ — دېدى ئۇ، — دەملەپ، بىر قانچە كۈن ئىچىۋىدىم، شۇنىڭ بىلەن تەر بېسىلدى.

— قالغىنى قېنى، كېرەك بولمىسا، ئېلىپ كېتەي.

— دېگىنىڭىزگە قاراڭ، ئۇنى بېرىمەنمۇ، ساندۇققا تىقىپ قويدۇم، — دەپ تۆرىدە تۇرغان ساندۇقنى ئىشارە قىلدى، — مۇشۇنىڭ بىلەن قۇتۇلۇپ كەتسەم، ھاي - ھاي، يەنە قوزغىلىپ قالسا، دورا دەپ ئالدىڭىزغا بېرىپ يۈرەمەنمۇ.

— ئىشقىلىپ، ئاياغ ئاستىدا چېچىلىپ چەيلىنىپ يۈرمىسۇن دەيمىنا، بوپتۇ ئۇنداقتا، — دېدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن كىچىك ئانام بۇ توغرىسىدا گەپ قىلمىدى. بۇ تەجرىبىنى باشقا بىرلىرىگىمۇ تەكلىپ قىلدىم. ئۇلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە رەھمەت ئېيتىشتى.

### قان قۇيۇلۇش

بىز تەرەپتە دورا - دەرمەك ساتىدىغان بىر جاي بار ئىدى. ئۇنىڭ سېتىقچىسى تونۇش كىشى ئىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭدىن بىر نەرسە سوراي دەپ بارسام، دۇكاندا بىر چوكان تۇرۇپتۇ. ئالدىدا خېرىدار كۆپ ئىكەن. بىر ۋاقىتتا ئىشىك ئېچىلىپ، سېتىقچى ھېلىقى چوكانغا بىر بولاق بەردى. ئۇ دەررۇ پىلاشىنىڭ ئىچىگە يوشۇردى.

— نېمە ئېلىۋاتىسىز؟ — دەپ ئاستا سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— چاققاق، دوختۇرلار سىڭلىمغا قېنىڭ سۈيۈق، شۇنىڭ ئۈچۈن پات - پات بۇرنۇڭ، چىشلىرىڭنىڭ تۈۋى قانايدۇ. چاققاق دەملىمىسىنى ئىچ، دېگەن ئىكەن.

ـــ ئۇنداقتا يازلىقى ئۆزۈڭلار يىغىۋالساڭلار بولمامدۇ، دۇنيادا نېمە تولا، چاققاق تولا ـــ دېدىم.

ـــ ئۇ دېگىنىڭىزغۇ توغرا، لېكىن، بىز شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكتىن چاققاقنى تونۇمايمىزغۇ، ـــ دېدى ئۇ ـــ ياخشى دورا ئىكەن. تونۇشلار ئارقىلىق تېپىۋاتىمىز.

ئۆسۈملۈكنى تونۇماسلىقىمۇ بىر بالا ئىكەن. ئۇنداق دېيىشىم، چاققاقنى دورىخانىدىن ئىزدەپ، يالۋۇرۇپ يۈرگەن يەنە بىر نەچچە ئادەمنى كۆردۈم. بەزىلەرنى ھەتتا باشلاپ بېرىپ، ئۆسۈپ تۇرغان چاققاقنى كۆرسىتىپ، رەھمىتىنى ئاڭلىدىم.

بىر سىقىم قۇرۇتۇلغان چاققاق يوپۇرمىقىنى يېرىم لېتىر سۇدا قاينىتىپ كۈنىگە تاماقتىن يېرىم سائەت ئىلگىرى ھەر قېتىمدا 75 گرامدىن ئىستاكاندا بىر ئىستاكان ئىچىپ بەرسە ئوڭشىلىدۇ، يۈرەك رىتىمى تەرتىپكە چۈشىدۇ.

## نەپەس يوللىرىغا سوغۇق تېگىش

تۇرمۇشتا نەپەس يوللىرىغا سوغۇق تېگىپ ئاغرىيدىغان ئادەم كۆپ. ئىلمىي مېدىتسىنادا برونخىت دەپ ئاتالىدىغان بۇ ئاغرىق چوڭلاردىمۇ، ياشلاردىمۇ، بالىلاردىمۇ كۆپ. ئۇنىڭ ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتكىنىمۇ نۇرغۇن. مەدەت سوراپ ئالدىمغا كەلگەن بىمارلارغا مەن چاكاندا، يۆتەلوت، چۈچۈكبۇيا، گۈلبىنەپشە، پاقا يوپۇرمىقى، ياۋايى جەمبىل، كېيىك ئوتىدىن قايناتما تەييارلاپ، ئىچىشنى تەكلىپ قىلىمەن. يىراقتىكىلەرنى بىلمەيمەن. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن قوشنىلارنىڭ جېنى ئارام ئالدى.

دورا تەييارلاش ئۇسۇلى: ھەر بىر گىياھتىن بىر چىمدىمدىن، چۈچۈكبۇيىدىن ئىككى ـ ئۈچ كېسىم ئېلىپ بىر بوتۇلكا سوغۇق سۇدا بەش مىنۇت ئاستا قاينىتىلىدۇ. سوۋۇغاندا سۈزۈپ ئاغزى ھىم بوتۇلكىغا قاچىلىنىپ توڭلاتقۇدا ساقلىنىدۇ. ئىچىش نورمىسى: كۈنىگە ئۈچ ۋاق، ھەر قېتىمدا 30 گرامدىن ئاز ـ ئازدىن ئىسسىق ـ ئىسسىق ئىچىش لازىم. ۋاقتى: تاماقتىن يېرىم سائەت ئىلگىرى. سوغۇق ئىچىشكە بولمايدۇ. ئەگەر بۇ دورىدىن تۇراقلىق ئۈچ ـ تۆت بوتۇلكا ئىچىپ، كېيىن ئۆزىڭىزنى كۈتسىڭىز ئۇزاق ۋاقت نەپەس يوللىرىغا سوغۇق تېگىش كېسىلىگە ئۇچرىمايسىز.

خەلق تېبابىتىدىكى شۇ ئۇسۇلمۇ دىققەتكە سازاۋەركى، ئۇزاققا سوزۇلغان نەپەس يوللىرىغا سوغۇق تېگىش، ئۆپكىگە سوغۇق تېگىش كېسەللىرىگە سامساق مېيى ئىشلىتىدىكەن ۋە بۇ دورىنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى ھېسابلىنىدىكەن. دورا تەييارلاش ئۇسۇلى: سامساق تازىلىنىپ، ئۇششاق چانىلىدۇ ۋە ئەھۋالغا قاراپ ئازراق تۇز ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. كېيىن ئۇ يېڭى ئۆسۈملۈك مېيى بىلەن ئوبدان ئىلەشتۈرۈلۈپ تىندۇرۇلىدۇ. ئىشلىتىلىشى: تەييارلانغان بۇ سامساق مېيىنى نانغا سۈركەپ ياكى ئېزىلگەن ياڭيۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىش لازىم.

## نارەسىدىلەرگە سوغۇق تېگىش

تەجرىبىلەردە كۆرۈلۈشىچە، دۇنيادا نارەسىدىلەرنى داۋالاشنىمۇ مۈشكۈل ئىش بولمىسا كېرەك. ئۇنى بۈگۈن بوۋا بولغان چاغدا ئەمەس، بەلكى ئاتا بولغان كۈنلەردىمۇ باشتىن كەچۈرگەنىدىم. نارەسىدىلەرگە سوغۇق تېگىپ يۆتەلگەندە بىچارە ئانىلارنىڭ يۈرەكلىرى زەرداپقا ئايلىنىدۇ. سەۋەبى؟ نېمە بېرىشنى بىلمەي بېشى قاتىدۇ. بۈگۈنكى تاپچىلىق زاماندا ئەھۋال تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتى. بۇنى پات ـ پاتلا مېنىڭ ئارامىمنى بۇزۇپ يۈرگەن ئانىلارنىڭ ئاھىدىنمۇ كۆرۈۋاتىمەن. تا بۈگۈنگىچە، ماڭا مۇراجىئەت قىلغان ئانىلارغا «بالىڭىزغا يۆتەلوت بىلەن ناۋاتنى ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ بېرىڭ» دەپ مەسلىھەت بېرىپ كېلىۋاتىمەن. لېكىن بۈگۈنكى قىيىنچىلىق زاماندا ئۆتمۈشتە دۇكانلاردا تولا بېسىپ ياتىدىغان ناۋاتنى تېپىشنىڭ ئۆزى تەس بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپتىن بېرى مۇشۇ ئاغرىقنى داۋالاشنىڭ باشقا بىر ئاسان يولى يوقمىكىن، دەپ ئىزدەپ يۈردۈم. مۇشۇ يېقىندا ئۇ ئۇسۇلنىمۇ تاپقاندەك بولدۇم.

تەييارلاش ئۇسۇلى: بىر قوشۇق ئارپا بېدىيان بىلەن قارەنىدىزنى ئارىلاشتۇرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئىستاكان سۇ قۇيۇپ، چىم ـ چىم قاينىتىمىز، ئاندىن ئۇنى سۈزۈپ، بوۋاققا ھەر ئىككى سائەتتە بىر قوشۇق ئىچكۈزىمىز.

## كېكىرىك

«تولا كېكىرىمەن، قورسىقىم كۆپۈپ، مەيدەم تاشتەك بولۇۋالدى» دېگەن شىكايەتلەرنى پات ـ پات ئاڭلايمەن. ئۇلاردىن «دوختۇرغا كۆرۈنمىدىڭىزمۇ؟ دوختۇرلار نېمە دەيدۇ؟» دەپ سورىسام، ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەيدۇ. كېكىرىش، مەيدىنىڭ چىڭ بولۇشى، ئېغىزدىن ئاچچىق سۇنىڭ كېلىشى ئۆز ـ ئۆزىدىنلا بولىدىغان نەرسە ئەمەس،

ئۇنى ئۆز تەجرىبەمدە نۇرغۇن قېتىم كۆردۈم. بۇنىڭ ئاساسى سەۋەبى ئاشقازاننىڭ ھەزىم قىلىش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقى ياكى ئاشقازان ئاغرىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا دوختۇرغا كۆرۈنۈپ داۋالانمىسا، كەلگۈسىدە چوڭ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. بىراق، يەنىلا شۇ ئېرىنچەكلىكىمىز، ئەتىگىچە ياخشى بولۇپ قالار، دەيدىغان بىغەملىكىمىز بىزنىڭ چوڭ ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىزغا كاشىلا بولۇپ كەلمەكتە.

مېنىڭچە، يۇقىرىدا ھېكايە قىلىنغىنىدەك ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەي دوختۇرغا كۆرۈنۈپ كېكىرىشنىڭ، قورساق كۆپۈشنىڭ، مەيدىنىڭ قاتتىق تۇرۇۋېلىشىنىڭ، كۆڭلى ئېلىشىشنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاش لازىم. ئاندىن دورا قىلغىنى ياخشى، مۇنداق ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مەن ئادەتتە چايكوكات دەملەنمىسىنى تەكلىپ قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ قوشۇقتا ئىككى قوشۇق چايكوكات ئېلىنىدۇ ـ دە (قۇرۇتۇلغان گۈلى بىلەن يوپۇرمىقى)، بىر بوتۇلكا هاراققا دەملىنىدۇ. بۇ دەملەنمە ئون كۈن قاراڭغۇ يەردە تۇرىدۇ. ھەر كۈنى ئاخشىمى شەرتلىك يوسۇندا چايقىلىدۇ. قەرەلى پۈتكەندە سۈزۈلۈپ، شامىسى تاشلىنىدۇ. دەملەنمە كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا تاماقتىن 20 مىنۇت ئىلگىرى بىر قوشۇقتىن ئىچىلىدۇ. دەملەنمىنى توختاتماي ئاخىرىغىچە ئىچىش شەرت.

بەزىلەر هاراقنى خالىمايدۇ. بۇنداقلار يېرىم لىتىر سۇدا چوڭ قوشۇقتا ئىككى قوشۇق چايكوكاتنى چىم ـ چىم قاينىتىپ سوۋۇتۇپ، سۈزۈپ، ئاغزى ھىم بوتۇلكىغا ئېلىۋالىدۇ. ئىچىش نورمىسى كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا تاماقتىن يېرىم سائەت ئىلگىرى 30 گرامدىن ئىلمان ئىچىلىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ قان بېسىمى يۇقىرى بولسا، دەملەنمە سۇيۇقراق تەييارلىنىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش ئاغرىقلارغا قېرىقىز يىلتىزىنىڭ قايناتمىسىمۇ ياخشى نەتىجە بېرىدۇ. بۇ ھەقتە «شىپالىق يۈز ئون گىياھ» دىمۇ ھېكايە قىلىنغانىدى. بۇ يەردە ئۇ توغرىسىدا قىسقىغىنە بولسىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆرۈۋاتىمىز. قېرىقىز يىلتىزى يازدا، كەچكۈزدە كولىنىپ كىيىم چوتكىسى بىلەن تازىلىنىدۇ. ئاندىن ئۇششاق توغرىلىپ كۈن تەگمەيدىغان يەردە قۇرۇتۇلىدۇ. دورا تەييارلىغاندا يىلتىزنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ تۆت ياكى ئالتە كېسىم ئېلىنىدۇ. ئۇ يېرىم لىتىر سوغۇق سۇدا بەش ـ يەتتە مىنۇت ئاستا قاينىتىلىپ، سوۋۇتۇلىدۇ. سوۋۇتۇلغان قايناتما سۈزۈلۈپ، ئاغزى ھىم ئېتىلىدىغان بوتۇلكىدا توڭلاتقۇدا ساقلىنىدۇ. ئىچىش نورمىسى: كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا تاماقتىن يېرىم سائەت ئىلگىرى 30 گرامدىن ئىلمان ئىچىلىدۇ. بۇ دورىنى ئىشلەتكەندە بىمار ئاشقازىنىنىڭ تاماق ھەزىم قىلىشى ئوڭشىلىدۇ. كېكىرىك توختايدۇ.

مېنىڭچە، بۇ دورىنى توختىماي بىر ئاي ئىچكەن ياخشى، ئاچچىق ـ چۈچۈك، ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەر چەكلىنىدۇ. شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، دورا ئاشقازاننىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنى ياخشىلاش بىلەن بىللە، بۆرەك، دوۋسۇندىكى قۇملارنى ھەيدەيدۇ. ئاشقازان، بۆرەك، بېغىردىكى ئىششىقلارنى قايتۇرىدۇ. مۇبادا قېنىڭىزدا قەنت ماددىسى كۆپىيىشكە تايىن تاپسا، ئۇنى تەڭشەشكە پايدىسى بار.

كار ـ كار كېكىرىش ياتلار بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بالا ـ چاقا ئالدىدىمۇ ياخشى ئادەت ئەمەس. شۇ نەرسىمۇ يادىڭىزدا بولسۇنكى، ئىگىرمۇ بۇنداق ئەھۋالدا ياخشى. بىراق، ئۇ يەل قايتۇرغىنى، تاماقنىڭ ھەزىم بولۇشىنى چاپسانلاتقىنى بىلەن يۇقىرىدا تەكىتلەنگەن نەتىجىگە يەتكۈزمەيدۇ.

## چوڭ تەرەتنى تۇتالماسلىق

ــ كامالىدىن ئاكا، ئالتىنچى سىنىپتا ئوقۇيدىغان ئوغلۇم چوڭ تەرەتنى تۇتالماي ناھايىتى قىينىلىپ يۈرىدۇ ــ دېدى بىر ئانا ــ شۇنىڭغا نېمە قىلسام بولىدۇ؟

مەن سەپەرگە چىقسام دورا ئېلىپ يۈرمەيدىغانلىقىم ھەممىگە مەلۇم. بەزىدە ھەتتا ئاددىي بىر نەرسىلەر ئادەمنىڭ خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بىلگىنىمنى ئېيتىپ بېرىشكە ياكى ئۆيگە بارغاندىن كېيىن خەت ئارقىلىق جاۋاب بېرىشنى ئادەت قىلغانمەن. مۇنۇ ئانىنىڭ دەردىنى، ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى چۈشىنىپ تۇرۇۋېتىمەن. ئانا مېنىڭ بىلەن ئۇچراشقانغا قەدەر ئوغلىنى دوختۇرغا كۆرسىتىشنى شەرت ئىدى. شۇنداق قىلماي ئۆزىنىمۇ، ئوغلىنىمۇ قىيناپ يۈرۈپتۇ. بالام دەپ، كالام دەپ، ۋاقىت ئېشىنالمىغان ئاتىسىنىڭمۇ جەمئىيەت ئىشى بىلەن قولى تەگمىگەن. پەمىچە، بۇ بىچارە ئوغۇلنىڭ ئۈچەيلىرىگە سوغۇق تەگكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئىچى

سۇيۇق، ئۇچەينىڭ تەرەت تۇتۇش ئىقتىدارى ناچار. شۇ سەۋەبتىن بىرىنچىدىن، نۆۋەتتە ئۇنىڭ ئۈچىيىنى داۋالاش لازىم. ئانىغا ئارپا بېدىيان، پاقا يوپۇرمىقى، چايكوكات، فەندىغەرە يوپۇرمىقى، ماماكاپ يىلتىزى، چوشقا ياڭىقى قوۋزىقىدىن قايناتما تەييارلاپ ئىچكۈزۈشنى تاپشۇردۇم. بۇ شىپالىق گىياھلار بىر تەرەپتىن ئۈچەي ئاغرىقىنى داۋالىسا، ئىككىنچىدىن، قورۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئىشىنىمەنكى، بۇ مۇنۇ بەختسىز بىمارغا چوقۇم داۋا بولالايدۇ.

ئانا مەن دېگەنلەرنى تېپىپ ئوغلىنى داۋالىدىمۇ، بىلمەيمەن. ئۇلار يىراقتا بولغىنى ئۈچۈن، كېيىن ئۇ تەرەپلەرگە بارمىدىم.

بىرسىنىڭ مۇنداق دېگىنى ئېسىمدە: پالانچى ئاكام ئېتىزدا ئىشلەۋېتىپ شۇنچىلىك ئاغرىپتۇكى، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي، دۇملاپ كېتىپتۇ. ئاخىر چىدىماي ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، ئەمەن ئورۇپ كېلىپ، كەپە يېنىدىكى قازاندا قاينىتىپ، بىر ئاپقۇر ئىچىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر سوتكا بېشىنى كۆتۈرمەي ئۇخلاپتۇ. ئورنىدىن تۇرسا، ئۆزىنى تامامەن يېنىك ھېس قىپتۇ. بۇ لاپنى ئېيتىپ بەرگۈچى بۇرادەر دېھقاننىڭ قايسى يېرى قانداق ئاغرىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. بىر گىياھنىڭ ھەممە ئاغرىققا داۋا بولۇشى ناتايىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئاپقۇر ئەمەن قايناتمىسى ئاز ئەمەس. ئەمەن زەھەرلىك گىياھ.

ئېھتىيات قىلمىسا، بىمارنىڭ زەھەرلىنىشى، ئاغرىقنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. مۇنداق ئەھۋالدا ئادەم كەينى ـ كەينىدىن قەي قىلىپ قۇسىدۇ. راست، ئەمەن ياخشى شىپالىق گىياھلارنىڭ بىرى. بۇ توغرۇلۇق «شىپالىق يۈز ئون گىياھ»دىمۇ قىسمەن ھېكايە قىلىنغان. تەجرىبىدە مەن مەزكۇر گىياھ دەملەنمىسىنى ئاساسەن ئاشقازان يارىسىدا، ئاشقازاندا سەپرا يېتىشمەسلىكتە، پالەچ، ئەزا تىترەش، تۇتقاقلىقلاردا، سۇنۇق، چىققان، سۇرۇلگەن يەرلەرنى داۋالاشتا ۋاننا قىلىشنى، دەملەپ ئىچىشنى تەكلىپ قىلدىم. ھەممىسىدە كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئىگە بولدۇم. ئەمما، بىر ئاپقۇر ئىچ، دەپ مەسلىھەت بەرگىنىم يوق.

دەملەنمە تەييارلاش ئۇسۇلى: ئەگەر ئەمەن دورىخانىلاردىن ئېلىنغان تالقان بولسا، سىيپاپ بىر قوشۇق ئېلىپ بىر ئىستاكان قايناق سۇدا دەملىنىدۇ. ئۇنى بىمار كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا تاماقتىن يېرىم سائەت ئىلگىرى 30 گرامدىن ئىچىش شەرت. مۇبادا ئەمەن قورايىنى بىمار ئۆزى بىۋاستە گىياھ چېچەكلەۋاتقاندا يىغىپ، توغراپ قۇرۇتۇۋالغان بولسا، بىر چىمدىم ئەمەن بىر ئىستاكان قايناق سۇدا دەملىنىدۇ. ئىچىش نورمىسى يۇقىرىقىدەك. ئىچكەندە دەملەنمىنى سەل ئىللىتىۋالغان ياخشى.

بۇ يەردە باشتىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئەھۋالنى ھېكايە قىلساق ئارتۇقچە بولماس. قىش كۈنلىرى ئىدى. بۆلۈم ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئىسسىپ كەتتى. شۇڭا دېرىزىنى قىيا ئېچىپ قويدۇم. شامال گۇرۇلدەپ كىرىشكە باشلىدى. راھەت بولدى دېسەممۇ بولىدۇ. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئېھتىيات قىلىپ، دېرىزىنى يېپىۋەتتىم. شامالداپ قېلىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن. بارا ـ بارا تاپىنىم چىدىغۇسىز دەرىجىدە قىزىشقا باشلىدى. تەرلەپ ئولتۇرغاندا بەدىنىمدە شامال تەگمىگەن يەر قالمىغان ئوخشايدۇ. شۇ كېچىسى بەئەينى كېسەلدەك تاڭ ئاتقۇچە يۆتىلىپ چىقتىم. ئەتىگىنى تۇرسام پۇتلىرىم، قوللىرىم، بۆرىكىم، بېشىم، ھەممە يەر ئاغرىيدۇ. بىراق، بەدىنىمدە ھارارەت يۇقىرى ئەمەس ئىدى. ئاستا ئىشقا كەتتىم. بەختىمگە بىر كۈن چىدىسام، شەنبە كېرەكلىك گىياھلارنى ئامباردىن تېپىپ چىقىپ، قاينىتىپ ئىچىشىم مۇمكىن. بېشىمغا تۇخۇم چېكىلىۋىدىم، ئاغرىق خېلى بېسىلدى. سەھەر يۆتىلىپ ئويغىنىپ كەتتىمدە، ئورنۇمدىن تۇرماي خىيالەن ئۆزۈمدە بار شىپالىق گىياھلارنى تەھلىل قىلدىم. خىيالىمغا «ئەمەنلىكتە ئەر ئۆلمەس، ئەندىزلىكتە ئات» دېگەن ماقال كەلدى. ئورنۇمدىن تۇردۇمدە، ئامباردىن ئەمەن ئېلىپ چىقتىم. ئۇنىڭدىن بىر چىمدىمنى ئىستاكانغا سېلىپ، ئۈستىگە قايناق سۇ قۇيدۇم ۋە ئاغزىنى يېپىپ دەملەپ قويدۇم. ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتكەندە ئۇنى سۈزۈپ، ئىلمان پېتى ئاز ـ ئازدىن ئىچتىم. بېشىمنى قايدۇرۇپ، قۇستۇرامدىكىن، دەپ ئويلىدىم. چۈنكى بۇمۇ چوڭ نورما. ئۆتۈپ كەتسە 75 گراملىق ئىستاكاندا بىرنى ئىچىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن، ھېچقانداق ئەكس ھادىسە سېزىلمىدى. ئەزالىرىمدىكى ئاغرىق بېسىلىۋاتقاندەك، ئۆزۈم تېتىكلىشىۋاتقاندەك بىلىندى. يەنە بىر ئىستاكان دەملەنمىنى ئىچتىم. سائەت 12 دە نەزىر بار ئىدى. شۇنىڭغا بېرىشىم كېرەك. ئالدىرىماي كىيىنىپ تالاغا چىقتىم. ھەممىسى جايىدا، بىراق، تامامەن ساقىيىپ كەتتىم، دەپ

ئېيتالمايمەن، كەچكى تاماق ئالدىدا يەنە بىر ئىستاكان ئىچتىم. يۆتەل بارغانسېرى ئازىيىۋاتىدۇ. ئادەتتىكىدەك ئەتىگەنلىكى يەنە سائەت 6 دە ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە شۇ كۈنى يەنە دەملەنمە ئىچتىم. ئۆگۈنى يەنە بىر كۈن قىلدىم. كەيپىيات تامامەن ياخشىلاندى.

مەن سىزگە، ئەمەلىكتە ئەر ئۆلمەسلىككە مىسال. بىراق، بۇ دورىنى نورما بىلەن ئىچىشنى يادىڭىزدىن چىقارماڭ. ئەگەر دەملەنمىنىڭ ئاچچىقىنى سەل بېشنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرسىڭىز، دەملەنمىگە ئازراق يا ھەسەل، يا قەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىڭ. يەنە بىر ئەسكەرتمە، بۇ دەملەنمە پەقەت چوڭلار ئۈچۈن.

**بۆرەكتىن بولىدىغان قان بېسىمىنىڭ يۇقىرىلىقى**

بەزىلەرنىڭ مېنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشقىنىدەك قان بېسىمىنىڭ يۇقىرىلىقى ئومۇمەن بىر ئاغرىق بولماي، تەجرىبىدە كۆرۈلۈشىچە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى خىلمۇخىل، قان بېسىمىنىڭ يۇقىرىلىقى بەزىدە بۆرەك، بەزىدە بېغىر، بەزىدە قان، يەنە بەزىدە ئەسەبتىن بولىدىكەن. دېمەك، ھەرقانداق ئاغرىقنى بىۋاسىتە دورا بېرىپ داۋالاش كېرەك.

«شىپالىق يۈز ئون گىياھ» ناملىق ئەسىرىمدە تەكىتلىگىنىمدەك، بېغىر ئاغرىقىدىن بولىدىغان قان بېسىمىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئاق قېيىننىڭ ماي ئېيىدا يىغىشتۇرۇپ قۇرۇتۇۋالغان يوپۇرمىقىنىڭ قايناتمىسىنى ئىچىش بىلەن داۋالاشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر سىقىم سۇدا سىرلىق قاچىدا 5 ـ 6 مىنۇت قاينىتىپ، ئاغزى يېپىق ھالدا سوۋۇتۇپ سۈزۈپ، ئاغزى ھىم بوتۇلكىغا ئېلىپ توڭلاتقۇدا ساقلايدۇ. كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا تاماقتىن يېرىم سائەت ئىلگىرى 50 گرام ئىلمان ئىچىپ، شەرتلىك تۈردە ئوڭ بىقىنىنى بېسىپ 15 مىنۇت ياتىدۇ. شۇ قائىدە بويىچە 15 كۈن، بولمىسا 45 كۈن ئۈزمەي ئىچسە، بېغىر ئاغرىقى داۋا تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قان بېسىممۇ چۈشىدۇ.

ئەسەبتىن بولىدىغان قان بېسىمىنىڭ يۇقىرىلىقى «سالامەتلىك ھەققىدە ھېكايىلەر»نىڭ مۇشۇ قىسمىدىكى باشقا تۇخۇم چېكىلەش توغرىسىدا ھېكايە قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر دانە تۇخۇمنىڭ سىرىقىنى باش ئورالغىدەك لاتىغا سۈركەپ، ئۈچ كۈن ئۇدا باشقا چېكىلىنىدۇ. ئەگەر ھەقىقەتەن باش ئاغرىقى قان بېسىمىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن يۈز بەرگەن بولسا، چېكىلەنگەن تۇخۇم باشقا مۇزدەك چاپلىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا دەسلەپكى كۈندىلا باش ئاغرىقى ئوبدان بېسىلىدۇ. بەزىلەردە ئۇدا ئۈچ كۈن چېكىلەش شەرت. بەزىلەر ئۈچ كۈن داۋالاش باسقۇچىدىن كېيىن قان بېسىمى ئۆرلىمەيدۇ. بەزىلەرگە بۇ ئۇسۇلنى يەنە تەكرارلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، تۇخۇم دۇكاننىڭ ئەمەس، ئۆينىڭ بولسا، تېخى ياخشى. قان بېسىمىنىڭ ئەسەب تۈپەيلى يۇقىرىلىقى يۇقىرىقى بەزى بىمارلاردا تۇخۇم بىلەنمۇ داۋا تاپماي قېلىشى ئېھتىمال. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە، ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەي، دەرھال ئۆزىنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچىشى كېرەك. كەينىدىن سوغۇق سۇ ئىچىلىدۇ. ئىمكانىيىتى يوقلار ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە كەچقۇرۇنلۇقى يېتىش ئالدىدا ئىچسە بولىدۇ. ئۇنى بەزىلەرگە ئوخشاش تىندۇرۇشنىڭ، سۈزۈشنىڭ ھاجىتى يوق، دەررۇ ئىسسىقىدا ئىچىش كېرەك. ئەگەر بىمار بۇ دورىنى 3 ـ 4 ئاي ئۈزمەي ئىچسە نۇرغۇن ئاغرىقلاردىن چوقۇم قۇتۇلىدۇ.

مەن پەقەت تەجرىبىدىن ئۆتكەن، ياخشى نەتىجە بەرگەن دورىلارنى ھېكايە قىلىۋاتىمەن. بۇ دورىلارنى ئىشلەتكەن ئادەم قان بېسىمىنىڭ ئۆرلىشى تۈپەيلىدىن يىقىلىپ پالەچ بولۇپ قېلىشتىن چوقۇم ساقلىنىدۇ. 47 ـ 48 ياشلىق بىرسىنىڭ بۆرەك ئاغرىقىدىن قان بېسىمى ئۆرلەيدىكەن. دوختۇرلارنىڭ دورىسىنى ئىچىپ زېرىككەندە مېنىڭ ئالدىمغا كەپتۇ. قاپاقلىرى ئىششىغان، باش ئاغرىقىدىن كۆزىنى ئاران ئاچاتتى. مېڭىش ـ تۇرۇشمۇ ئېغىر. مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «شىپالىق يۈز ئون گىياھ»نىڭ سۇلۇ توغرىسىدىكى بابىدا ھېكايە قىلىنغان سۇلۇ كۆكى ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم. راست سۇلۇ كۆكىنى قىش كۈنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. بىراق، ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق. مەسىلەن، ئىككى يەشىك ياساپ، ئۆينىڭ ئاپتاپ چۈشىدىغان دېرىزىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، بىرىگە ئالدىن، يەنە بىرىگە كېيىن ئۇرۇق تېرىپ، تەييار بولغىنىنى يۇلۇۋېلىپ قاينىتىپ ئىچىپ تۇرسا، ئىككىنچىسى تەييار بولىدۇ. كۆك پېتى توغراپ قۇرۇتۇۋېلىنىدۇ. شۇنداق قىلغاندا بۇگۈنكى قىيىنچىلىق زاماندا ئۆزىنى كېرەكلىك دورىلار بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن. ئىچىش نورمىسى 75 گراملىق بىر ئىستاكان، كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىلمان ئىچىلىدۇ. ئىچىش مۇددىتى بىر ئايدىن ئىككى ئايغىچە، بۇ دورا بۆرەكتىكى، سۈيدۈك يوللىرىدىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. سوغۇق تېگىپ ئاغرىۋاتقان يەرلەرنى داۋالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قان بېسىمى

تەڭشىلىدۇ.

ھېلىقى كىشى بۇنىڭ ھەشىمى جىقكەن، دېدىمۇ، ئۇ-
نىڭغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمىدى.

ــ دەررۇ جانغا ئەسقاتىدىغىنى يوقمۇ؟ــ دېدى ئۇ.

ــ مەن سىزگە پەقەت بىر قېتىملا دورا بېرەلەيمەن،
قالغىنىنى بەربىر ئۆزىڭىز تېپىشىڭىز كېرەك.ــ دېدىم.
ئەتىسى كاۋىنىڭ بېغى، قوشقاچ تىلى، سەۋزە كۆكى ۋە
ئازراق تولوكنىيانىكا قوشۇپ قاينىتىپ بىر بوتولكا دورا
ئەكېلىپ بەردىم.

ــ قېرىنداش بۇنىڭدا كاۋىنىڭ بېغى، سەۋزىنىڭ كۆ-
كى، قوشقاچ تىلى ۋە تولوكنىيانىكا بار،ــ دەپ چۈشەن-
دۈردۈم، ــ تولوكنىيانىكا دورىخانىدىن تېپىلىدۇ.

قالغانلىرىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئۆزىمىزدىن چىقىدۇ.
قوشقاچ تىلىنىمۇ دورىخانىدىن تاپقىلى بولىدۇ.

ئارىدىن بىر ھەپتىدەك ئۆتۈپ، ئۇ كىرىپ رەھمەت
ئېيتتى. چىرايى بىر ئوبدانلا تولۇلۇپ قاپتۇ.

ــ دورىڭىز ھەقىقەتەن ياخشىكەن،ــ دېدى ئۇــ
مۇشۇ دەقىقىلەردە بېشىممۇ، بېلىممۇ ئاغرىمايدۇ.

ــ دورىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئويلاۋاتامسىز؟ــ دەپ
سورىدىم. ئۇ دەرھال شۈك ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ ئارىدا
بۆلۈمگە بىر ئەر كىشى كىردى، گەپ ئۈزۈلدى. ئۇ ئور-
نىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت ئاي ئۆتكەندە ئىككىمىز يەنە
ئۇچرىشىپ قالدۇق.

ــ شۇ دورىڭىزدىن مەن ساقايغۇچە بەرمىدىڭىز دە،ــ
دەپ خاپىلىقىنى ئىزھار قىلدى ئۇ،ــ ناھايىتى پىششىق
ئادەمكەنسىز.

ــ شۇنداق،ــ دېدىم مەنمۇ كۈلۈپ،ــ قېرىنداش،
تۇرۇۋاتقان يېرىڭلارنى يېزا دەپ ئاتايدۇ. ئۆيۈڭلەرنىڭ
ئەتراپىدا سۇلۇ، كاۋا، سەۋزە ئۆستۇرگىدەك يەر يوقمۇ؟

ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن بىر ـ ئىككى ئۇچرىشىشتىمۇ شۇ
گەپنى قىلدى. مېنىڭ جاۋابىممۇ ئۆزگەرمىدى.

ئەۋزىلى دورا تەييارلاش، ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىغا قا-
رايلى: سەۋزە كۆكى، قوشقاچ تىلىدىن يوغان بىر چىمدىم،
تولوكنىيانىكىدىن بىر قوشۇق، كاۋا بېغى ئۈچ ـ تۆت تال
ئېلىپ يېرىم لىتىر سوغۇق سۇدا سىرلىق قاچىدا ئاستا
ئالتە ـ يەتتە مىنۇت قاينىتىلىدۇ ۋە ئاغزى يېپىق ھالدا
سوۋۇتۇلىدۇ. ئاندىن سۈزۈپ، ئاغزى ھىم بوتۇلكىغا قا-
چىلىنىپ، توڭلاتقۇدا ساقلىنىدۇ. ئىچىش نورمىسى: كۈنىگە
ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا تاماقتىن بۇرۇن 15 ـ 20 مىنۇت
ئىلگىرى ئىلمان ئىچىلىدۇ. بۇ دورىنى ئىچىۋاتقاندا بىمار
ئۆزىنى ئاچچىق ـ چۈچۈك يېمەكلىكلەردىن، ئىسپىرتلىق
ئىچىملىكلەردىن، ئاخشىمى ئېشىپ قالغان، قاتتىق قورۇل-
غان تاماقلاردىن پەرھىز تۇتۇشى شەرت. بىر باسقۇچ بىر
ئاي، ياخشى داۋالىنىشنى خالىغان بىمار دورا ئىچىشنى
يەنىمۇ داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. ئەگەر مۇشۇ قائىدىگە
ئەمەل قىلسا، بۆرەككە سوغۇق تېگىپ ئاغرىشتىن، قان
بېسىمنىڭ يۇقىرىلىقىدىن، باش ئاغرىقىدىن، كەيپسىزلىك-
تىن چوقۇم قۇتۇلغىلى بولىدۇ.

بەزى ھايات تەجرىبىسى مول كىشىلەرنىڭ تەكىتلى-
شىچە، بۆرەك ئاغرىقىنى داۋالاشتا پىيازنىڭ پوستىدىن
تەييارلانغان قايناتما ياخشى نەتىجە بەرسە كېرەك. لېكىن
مەن ئۇنى سىناپ كۆرمىدىم. بۇنىڭ ئادەم ئورگانىزمىغا
قىلچە زىيىنى يوقلۇقى ھەممىگە مەلۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن،
ئۇنى ھەر كىمنىڭ ئۆزى سىناپ كۆرمىكى زۆرۈر.

**بىر ياخشى ئەسەرگە تۇگەنچە ئورنىدا**



*پۇتكۇل ھاياتى تەھرىرلىك، مۇخبىرلىق ئىجادىيەت ۋە ئىزدىنىش ئىچىدە ئۆتكەن يازغۇچى كامال ھېساماددىنوفنىڭ يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرى ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئورنى بار. ئۇ 1930 ـ يىلى 15 ـ يانۋار كۈنى ئالمۇتا ۋىلايىتى ئۇيغۇر ناھىيىسىنىڭ تۈگمەن يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئالدىدا تۈگمەن يېزىسىدا يەتتە يىل ئوقۇپ، كېيىن چوڭ ئاقسۇ ئوتتۇرا مەكتىپىنى تاماملاپ، بىر يىلغا يېقىن يېزا كېڭەشنى كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەن. 1953 ـ 1949 ـ يىللىرى ئالمۇتىنىڭ ئاباي نامىدىكى دۆلەتلىك پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئۇنىڭ «تونۇش كىشىلەر»، «ئەسسالام ھايات»، «مېھرىبانلار»، «مېنىڭ زامانداشلىرىم»، «سېنىڭ تەڭتۇشلىرىڭ»، «تىلەيمەن ئامانلىقنى»، «جەڭچىنىڭ ئوغلى» ۋە «يىللار نەپىسى» ناملىق ئوچېرك، ھېكايە ۋە پوۋېستلار*

توپلاملىرى نەشر قىلىنغاندىن سىرت قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىدا نۇرغۇن زىيارەت خاتىرىلىرى، ئاخبارات ماقالىلىرى، تۈرلۈك ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي تېمىلارغا بېغىشلانغان ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان.

«ئىش باشقا، ھەۋەس باشقا» دېگەندەك كامال ھېسامىدىنوف ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئائىلە مۇھىتى ۋە ئۆزى دۇچ كەلگەن تۈرلۈك سالامەتلىك مەسىلىلىرى ئۇنىڭ تېبابەتچىلىك ئىلمىگە قىزىقىپ قېلىشىغا تۈرتكە بولغان بولسا كېرەك. زامانىۋى مېدىتسىنا ئىلمى تازا تەرەققىي تاپمىغان ۋە خەلق ھاياتىغا سىڭىپ كىرمىگەن زامانلاردا مومىسىدىن، ئانىسىدىن ۋە باشقا تەجرىبىلىك بوۋاي - مومايلاردىن كۆرگەن - ئاڭلىغان ئەنئەنىۋى داۋالاش ئۇسۇللىرى، ئىرىم - ئۇدۇملار ھەممە بۇ چارىلەرنىڭ ئالاھىدە ئۈنۈمى ئۇنى ھەيرەتتە قالدۇرغان. ئۆزىمۇ بۇ چارىلەرنى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ نۇرغۇن بىمارلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ، دەردىگە دەرمان بولغان. ھەيران قالارلىقى شۇكى، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى زامانىۋى مېدىتسىنا ئىلمى ھەل قىلىشقا قادىر بولالمىغان مەسىلىلەردۇر.

دەرھەقىقەت، ئۇيغۇر خەلقى نەچچە مىڭ يىللىق ھاياتلىق مۇساپىسىدە كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۇچراپ تۇرىدىغان تۈرلۈك - تۈمەن ئاغرىقلارنى مانا مۇشۇنداق ئۇسۇللار بىلەن داۋالاپ ئۆز ھاجىتىدىن چىقىپ كەلگەن. كامال ھېسامىدىنوف ھېكايە قىلغان بۇ ئىشلار ئوقۇرمەنلەرگە پۈتۈنلەي ناتونۇش ئىشلار ئەمەس، 20 ياشنىڭ ئۈستىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆيىدە، مەھەللىسىدە مانا مۇشۇنداق كىتاب يۈزىگە چۈشمىگەن يەرلىك ئۇسۇللارغا شاھىد بولۇپ كەلگەن، بەزىلىرى ھەتتا شۇ ئۇسۇللارنىڭ كارامىتىدىن قايتا ھاياتلىققا ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن. مۇنداق ئادەتلەر تەجرىبىلىك موماي، بوۋايلار ۋە ئۇلاردىن ئۇدۇم قالغان كىشىلەردە ھېلىھەم ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كەلمەكتە. پەقەت ئېتىبارسىز قارالغانلىقى، ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكى، ئۆز مەدەنىيىتىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ سۇسلۇقىدىن ئورۇنسىز بەدەللەرنى تۆلەشكە مەجبۇر بولماقتا. مانا بۇ، ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان «ئىلىم»نىڭ سىرتىدا يېتىمسىراپ تۇرۇۋاتقان، زامانىۋىلىشىشنىڭ قۇربانى بولۇپ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان يەرلىك ساقلىق ساقلاش ئۇدۇملىرىنى يىغىپ رەتلەشنىڭ رېئال ئەھمىيىتى.

مانا مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك ئىشنى يازغۇچى كامال ھېسامىدىنوف باشلاپ بەرگەن.

كامال ھېسامىدىنوف «خۇراپىلىق»، «ئىلىمگە زىت» دەپ قارىلىپ، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن ساقىت قىلىنغان، ئېتىبارسىز قارالغان نۇرغۇن ئادەتلەرنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشقان ھەم شۇنداق ئاساسلارنى تاپقان. مانا بۇ ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى يورۇتۇشنىڭ ئىلمىي ئەھمىيىتى. ئېنىق نەزەرىيىۋى ئاساسى بولمىغان، ئىلمىي ئاساسى تېخى ئېنىقلانمىغان بۇ خىل يەرلىك داۋالاش ئۇسۇللىرى زامانىۋى مېدىتسىنا ئىلمى نۇرغۇن ئۇتۇقلارغا ئېرىشىپ تازا تەرەققىي قىلغان 90 - يىللاردا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەن.

1991 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يېڭىدىن قۇرۇلغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىغا قاتتىق زەربە بەرگەن. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى چۆكۈش خەلق تۇرمۇشىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتكەن. خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى قىيىنلىشىپ قالماي يەنە داۋالاش مەسىلىسىمۇ ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغان. كۈنسېرى ناچارلىشىۋاتقان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن خەلقنىڭ غەرب تېبابىتى بويىچە مۇنتىزىم داۋالىنىشقا قۇربى يەتمەيتتى. شۇڭا خەلق ئېغىر ئىقتىسادىي چىقىم تەلەپ قىلمايدىغان ئاددىي، تەننەرخى تۆۋەن، ئۈنۈمى يۇقىرى ئەنئەنىۋى تېبابەت چارىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان مانا شۇنداق جىددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مەقسىتىدە كامال ھېسامىدىنوف سالامەتلىككە دائىر بۇ ھېكايىلەرنى يېزىپ چىققان.

ھاجەتمەنلەرنىڭ دەل ئۇسسۇزلۇقىغا تەگكەن بۇ ئەسەر نەشر قىلىنىپلا كىشىلەرنىڭ قاتتىق ئالقىشىغا ئېرىشكەن ۋە «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىگە خەت يېزىپ ئەسەرنىڭ داۋامىنى يېزىشنى تەلەپ قىلغان. ئاپتور ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەلىپى بويىچە بۇ ئەسەرنىڭ داۋامى ««جان ئاتلىق»تىن كېيىنكى 30 ھېكايە»نى يېزىپ گېزىت يۈزىدە ئېلان قىلغان. دىيارىمىزدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنمۇ بۇ-

نىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى كۆرگەن، ئۇنىڭدىن مەنپەئەتدار بولغان كىشىلەر ئاز ئەمەس. دېمەك، ساقلىق ساقلاشقا ئائىت بۇ ئۇدۇملار تېخى ئۆز كۈچىنى يوقاتقىنى يوق.

ئاپتور سالامەتلىككە دائىر ھېكايىلەرنى توپلاشتىن سىرت يەنە خەلق ئارىسىدا دائىم قوللىنىدىغان، ئۇيغۇرلار ئۆزى تونۇپ پايدىلىنىشنى بىلىدىغان، ئاسان تاپقىلى بولىدىغان 110 خىل دورىلىق ئۆسۈملۈكنى ئۇيغۇرچە، رۇسچە ئاتىلىشى، تونۇش، ئۆسۈش ئورنى، يىغىۋېلىش ئۇسۇلى، تەبىئىتى، كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىشى قاتارلىق تەرتىپ بويىچە رەتلەپ يېزىپ چىققان. كىتابقا 110 خىل دورىلىق ئۆسۈملۈكنىڭ قىستۇرما رەسىمى بېرىلگەن. «مىراس» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھېكايىلەرنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىنى مانا مۇشۇ 110 خىل شىپالىق گىياھ ھەققىدىكى مەخسۇس ئەسەر تەشكىل قىلىدۇ. بۇ 110 خىل شىپالىق گىياھ ئاپتورنىڭ ئەمەلىي سىنىقىدىن ۋە خەلقنىڭ ھايات سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ئۆسۈملۈكلەر بولغاچقا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ھاجەتمەنلەرمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايدۇ. بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر تېبابەت تارىخىدا خەلقنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش سىنىقىدىن ئۆتكەن تەجرىبىلەرگە ئاساسەن يېزىلغان، قېلىپلاشقان كىتابىي ھۆكۈملەر ئاساس قىلىنمىغان، مۇستەقىل تەتقىقات مېۋىسى دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشى يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەزگىللىرىدىن ئۆتۈۋېلىشقا ئالاھىدە ياردەم بەرگەن. ئارىمىزدا ئۆمرىنى مانا مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلغان كىشىلەر كۆپ بولمىسا كېرەك.

«تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز» دېيىلسىمۇ لېكىن ئەزىز بولمايدىغان نەرسىلىرىمىزنىڭ سانى يوق. ئادەتتە ئاغرىق ئازابى تارتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى نۇرغۇن ئىقتىسادىي چىقىم تارتىپ، داۋالاش نەتىجىسىز بولغاندىن كېيىنلا ئۇيغۇر تېبابىتىنى ئەسكە ئالىدۇ. بۇ ئۇيغۇر تېبابىتى ھەممىگە قادىر دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇيغۇرلار مۇنتىزىم نەزەرىيىۋى ئاساسى بار ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ھەممىلا كىشىنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. شۇڭا بەزىدە مانا مۇشۇنداق تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئاددىي چارىلەرگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. جۈملىدىن، مەنمۇ 1997 - يىلى بىر ياشلىق قىزىمنىڭ ئاغزىغا چىققان شاپاق يارىسىنى 100 - 200 يۈەن خەجلەپمۇ ساقايتالماي، بىر پۇلغا ئەرزىمەيدىغان قوغۇن شاپىقىنى كۆيدۈرۈپ يارىغا سېپىش يولى بىلەن ساقايتىۋالغانىدىم. ھېلىھەم جانغا تاقىلىدىغان ۋە تاقالمايدىغان تۈرلۈك كېسەللەرگە داۋا تاپالماي ياكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن دوختۇرخانىنىڭ ئىشىكىگىمۇ بارالماي ئىڭراپ يۈرۈۋاتقان كېسەللەر ئاز ئەمەس. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ 80% تىن كۆپ قىسمى داۋالىنىش شارائىتى ناچار يېزا - قىشلاقلاردا ياشايدۇ.

ئاپتور ئەجدادلىرىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئۇشبۇ يۇرتتا ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ مىليونلىغان ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسا قانچىلىك خۇش بولاتتى، ئەپسۇس، يازغۇچىنىڭ ئۆمرى ئۇنىڭغا يار بەرمىدى، 2003 - يىلى 73 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

كامال ھېسامىدىنوف باشلىغان بۇ ئەھمىيەتلىك ئىش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقىنى يوق. بۇ پەقەت ئىلھام مەنبەسى، بۇ ھېكايىلەرنى ئوقۇغان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ كاللىسىغىمۇ پەرىشتە سۈپەت موما، بوۋىلىرىدىن ئاڭلىغان، كۆرگەن نۇرغۇن يېڭى ئىبرەتلىك ھېكايىلەر چۈشكەندۇر، ئۇلارنى قايتا ئويلاندۇرغاندۇر، بۇ ئىشلارنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەندۇر، ئۇلارمۇ بەلكىم قولىغا قەلەم ئېلىپ ھاجەتمەنلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولالايدىغان ئېسىل ھېكايىلەرنى يېزىشقا تەييارلىنىۋاتقاندۇر، شۇنداق بولۇشىغا ئىشىنىمىز.

يۇقىرىدا يازغانلىرىمىز ھەرگىزمۇ داخانلىق، پىردخونلۇق، ئوقۇش، سۈپكۆشلەش، كەتمەن بېسىش قاتارلىق ئادەتلەرنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشى، يامراپ كېتىشىگە دەسمايە بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. خەلقنىڭ ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت*



نوشىرۋان يائۇشېۋ (روسىيە)



### ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ھاياتىدىن

ئالتە شەھەرلىكلەر ھەققىدە يازماقچى بولغانلىرىمىز ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىغا دائىر بولۇپ، بۇ ھەقتە يورۇتماقچى بولغان نۇقتىلارنى ئىمكانقەدەر ئۆز جايىغا قويۇشقا تىرىشىمىز. يەنى بەرگەن مەلۇماتلىرىمىزنىڭ توغرا بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىمىز.

ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ تىرىكچىلىك ۋە مەئىشەتلىرى، ھايات ۋە بەخت ـ سائادەتلىرى ئومۇمەن يەر ۋە سۇيىگە باغلىقتۇر. قىلىدىغان كەسپى ۋە ھۈنەرلىرىمۇ كۆپىنچە تېرىقچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ـ سېتىق ۋە چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت.

يېرى ئومۇمەن چۆل ۋە قۇملۇقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، غەربى ۋە شىمال تەرەپلىرى تەڭرىتاغدىن، جەنۇبى قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن قار سۇلىرى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. بۇ ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسى تۈزلەڭلىكتىن ئىبارەت بولۇپ يىل بويى قار، يامغۇر كۆرمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بۇ يەردە چۆل دەرەخلىرى، يۇلغۇن ۋە توغراق ئورمانلىرى بار. تاغ ئېتەكلىرىدە قارىغاي دېگەندەك دەرەخلەر ئۆسىدۇ. ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قوغۇشۇن، گۈڭگۈرت ۋە كۆمۈر قاتارلىق مەدەنلەر چىقىدۇ. بەزى يەرلەردە يەنە نېفىت قۇدۇقلىرى بار دەپمۇ ئاڭلىدىم.

يېرى قۇم بولغاچقا سۇنى كۆپ ئىچىدۇ. شۇڭا تېرىقچىلار سۇغا تويمايدۇ. تېرىقچىلىق ئىشلىرى كۆپ يەرلەردە سۇغا قاراپ بولىدۇ. باغ ۋە ئېتىزلىقلار ئېقىن سۇلار بەرىكىتى بىلەنلا ياشىرىپ تۇرىدۇ. سۇ بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. يەنە ئوغۇتلاش كېرەك. ئوغۇت بولسا خېلىلا قىممەت. شۇنداق بولسىمۇ ئالغان ئاشلىقى ئۆزىگە يېتىپ تۇرىدۇ. پىلە قۇرتى بېقىشمۇ تېرىقچىلىققا ئوخشاشلا يۇرت ـ يۇرتلاردا تەرەققىي قىلغان. تەبىئىيكى، ئالتە شەھەرنىڭ ھېچقانداق ئىشى تەرەققىياتنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى باسقۇچىدا ئەمەس، بەلكى باشلانغۇچ ھالىتىدىدۇر.

چارۋىچىلار باي كىشىلەر بولۇپ، ماللىرىنى 10 ـ 15

---

* بېشى ئالدىنقى ساندا

كۆنلۈك يەرلەرگە ئاپىرىپ تاغلاردا باقىدۇ. بىزدىكىدەك يېزا ۋە شەھەر ئەتراپلىرىدا ئوتلاق ۋە ئۇيلەگلەر يوق. بار بولسىمۇ سۇغىرىپ ئۆستۈرۈلىدىغان ئېتىزلىق ۋە ئورمانلىقلارلا بار.

هاۋاسى ئىسسىق ۋە كۆچلۈك بولغاچقا بىر يىلدا ئۈچ قېتىم هوسۇل ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: كۆزگى بۇغدايلارنى ئوروپ بولۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا قوناق تېرىيدۇ. قوناقتىن كېيىن سەۋزە دېگەندەك زىرائەتلەرنى تېرىيدۇ.

گۈرۈچ، بۇغداي، قوناق، ئارپا، زىغىر، كۈنجۈت قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەر، ماشۇق ۋە يىپەك قاتارلىق كېيىملىكلەر چىقىدۇ. ئۈزۈم، ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل، ناك، نەشپۈت، ئانار، بېھى قاتارلىق مېۋىلەر چىقىدۇ. كەرەپشە، يېسىۋىلەك، يۇمغاقسۇت، پالەك قاتارلىق كۆكتاتلار، سەۋزە، تۇرۇپ، چامغۇر، بەرەڭگى قاتارلىق يىلتىزنەكلەر چىقىدۇ. سەۋزە، چامغۇرلار گۆش ياكى گۈرۈچ بىلەن پىشۇرۇلۇپ يېيىلىدۇ. يەيدىغان تامىقىنىڭ كۆپىنچىسى گۈرۈچ تامىقى، گۆش، قوناق ۋە بۇغداي نېنىدىن ئىبارەت. بەرەڭگى ئاز يېيىلىدۇ. يەپ - ئىچىش ئاساسەن ئىقتىسادىي ئەھۋالغا قاراپ بولىدۇ. چاينى ئاز ئىچىدۇ. مېھمان چاقىرىشىپ ئوينايدىغان ئادەتلىرى يوق. پەقەت بايلىرى ئارىسىدا «مەشرەپ» بولۇپ تۇرىدۇ. هاراق ئىچمەيدۇ، لېكىن تاماكىنى كۆپ چېكىدۇ. قاپاقتىن ياسىغان يوغان قورساق چىلىملىرى بولىدۇ. ئەر - خوتۇن، قىزلىرىغا قەدەر شۇنداق چىلىملارنى تارتىدۇ. هاۋاسىدىنمۇ، سۇيىدىنمۇ ئىشقىلىپ ئادەملىرى ئومۇمەن كۈچسىز ۋە هالسىز بولىدۇ. قارا قاشلىرى، يىرتماق كۆزلىرى، سوزۇنچاق يۈزلىرى، شالاڭراق قارا ساقاللىرى بىلەن تۈركلەرگە ئوخشايدۇ. لېكىن تېنى ئاجىز، گەۋدىلىرى كىچىك بولىدۇ. نەشە، ئەپيۇن چېكىپ كەيپ سۈرىدىغان، قىمار ئويناپ كۆن كەچ قىلىدىغان، سەدىقە سوراپ قورساق تويغۇزىدىغان دىۋانە، بىكار تەلەپ ئادەملەر كۆپلەپ ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. دىۋانە، قەلەندەر، ئەۋلىيا ۋە مازارلارغا بولغان ئىخلاسلىرى ئۈستۈن، ئومۇمەن جاهالەت ئاستىدا ياشايدۇ.

باي بولسۇن، گاداي بولسۇن، تۇرغان ئۆيلىرى، يېمەك - ئىچمىكى، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر خىل. پەقەت خوتۇن - قىزلارلا بۇنىڭ تېشىدا. ئەرلىرى غايەت ساددا كىيگەننىڭ ئەكسىچە خوتۇن - قىزلىرى ناهايىتى تەكەللۇپلۇق كېيىنىدۇ.

ئۆيلىرى پۈتۈنلەي لايدىن سېلىنغان دېرىزىسىز هۇجرىلاردىن ئىبارەت. ئۆگزىلىرى تۈپتۈز، يورۇق چۈشۈش ئۈچۈن تۆت يېرىم ئارشىن چامىسىدا تۆشۈك تېشىپ قويۇلىدۇ. بۇ تۆشۈكنى ئۆزلىرى تۈڭلۈك دەيدۇ. ئىشىك ئالدىدا ئوچۇقچىلىقمۇ بولمايدۇ. دېرىزە يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ پۈتۈن شەھەر كوچىلىرى تامغا تام تىرەپ سېلىنغان ئۆيلەر بىلەن تولغان. لېپى قۇم تۇپراقتىن ئىبارەت بولغاچقا ئۆيلەر ئۈچ - تۆت يىلدىن ئۇزاق چىدىمايدۇ، سىيرىلىپ تۇرىدۇ. ئۆزۈم تۇرغان بىر ئۆينىڭ تېمىغا قەغەز چاپلاي دېگەنىدىم تۇرمىدى. قەغەز ئۆزىگە يېپىشقان قۇملار بىلەن بىللە سىيرىلىپ چۈشتى. مىخلاپمۇ باقتىم، تام مىخنىمۇ تۇتمىدى. ئېسىت، ئالتە شەھەرلىكلەر شۇنداق ئۆيلەردە توزان يۇتۇپ ئۆتىدۇ. ئىلىم - پەن بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن پاكىزلىق، تازىلىق، سۇ - هاۋا دېگەندەكلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۈرلۈك كېسەللىكلەر پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. بەدەنلىرى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى تېز - تېز يۇيۇپ تۇرمايدۇ. سوپۇن ئىشلەتمەيدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بار چاغدا بۆرىدەك يەيدۇ - دە، يوق چاغدا شۇمشىيىپ گۆرۈخانا ئەتراپىدا يۈرىدۇ.

تۇرمۇشلىرى ئومۇمەن بىر خىل كۆرۈنگىنى بىلەن مۇئامىلە جەھەتتە ئىش باشقىچە. بايلار خۇددى پادىشاھتەك، پېقىر ۋە موھتاجلىرى قۇلدەك مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. چۈنكى سودا مۇناسىۋەتلىرى پۈتۈنلەي نېسى، قەرز، رىبا ۋە مۇناسىۋەت ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، بايلار بىر پۇللۇق نەرسىسىنى ئىككى پۇللۇق ئۆسۈم بىلەن هاجەتمەنلەرگە تارقىتىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن«مىننەت» لەرنى ئارتىپ قويىدۇ. نېسى ۋە ئۆسۈملەرنى تۆلىگىچە بايلارغا ھەر ئىشتا خۇشامەت قىلىپ تۇرۇش، ئۇلارنى كۆرگەندە ئېگىلىش، ئاتتىن چۈشۈش، ئورنىدىن تۇرۇپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇش، ئىش - كۈشلىرى ۋە قۇلچىلىقىنى قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ. ئەسلىدە موھتاجلارغا ئۆسۈملۈك قەرز تارقىتىپ بېيىغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى ئۇلاردىن مىننەتدار بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى بايلارنىڭ بېيىشىغا، پېقىر ۋە موھتاجلارنىڭ موھتاج ۋە بىچارە بولۇپ

قىلىشلىرىغا مەزكۇر ئۇسۇم، قەرز ۋە نېسى سەۋەب بول-
غان. بايلار موھتاجلارنى شۇنداق ئېزىدۇكى، سېتىلـغـان
قۇللارمۇ بۇلاردىن راھەترەك ۋە ئەركىنرەك ياشايدىغان-
دۇر. خەلقنىڭ بەشتىن بىرى ئەنە شۇنداق جازانـــخـور
بايلاردىن ئىبارەت بولۇپ، قالغان قىسمى ئاساسەن ئاشۇ
بايلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتە باغلىنىپ سېتىلغان قۇللار-
دۇر. بۇلارنىڭ ئارىسىدا دېھقان ۋە ھۈنەرۋەنلەرمۇ بار.
قارىماققا ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە تۇرۇۋاتقاندەك، ئۆز ئىخ-
تىيارىچە ياشاۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىر
ئىقتىسادىي يىپ بىلەن بايلارنىڭ تۆمۈر تىرناقلىرىغا باغ-
لانغان. ئۆز مەيلىچە ھەرىكەت قىلغۇدەك ھالى قالمىغان.

يەر ياخشى تۇرۇقلۇقمۇ دېھقانلار ۋە ھۈنەرۋەنـلـەر
نېمىشقا بايلارغا ئەسىر بولۇپ قالىدۇ؟ نېمىشقا ئۆزلىرى
ئاشلىق تېرىپ جان باقمايدۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلۇش
ئېھتىمالى بولغاچقا بۇنىڭغا مۇنداق ئىزاھ بەرمەكچىمىز.

«بار چاغدا بۆرىدەك، يوق چاغدا شورىغىدەك» دې-
گەن سۆزنىڭ مەنىسىمۇ مۇشۇ ئىزاھتىن كېيىن ئېنىقلىنىدۇ.
ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى ئىلىمسىزلىك ۋە ھۇرۇنـلـۇق
سەۋەبىدىن يەرلىرىنى ساتىدۇ، زېمىن ۋە مال ـ مۈلكىنى
رەنىگە قويىدۇ. قوللىرىغا كىرگەن پۇللارنى خەجلەپ بو-
لۇپ كوچىدا، ئاندىن يەر ۋە مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ
خەقنىڭ ئىشكىدە قالىدۇ. تېرىقچىلىققا يارامىلىق يەرلىرى
ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ كۆپىنچىسى بايلار قولىدا قـالـىدۇ.
نۇرغۇن يەرلەرنى ۋەقپە دەپ مازار شەيخلىرى ۋە مەد-
رىسە خادىملىرى باشقۇرىدۇ. ۋەقپىلەر 99 يىللىق مۇددەت
بىلەن بايلارغا سېتىلىدۇ. ھۈنەرۋەنلەرمۇ ئاساسەن يەر ۋە
مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلغان مىسكىنلەردىن ئىبارەت بو-
لۇپ، قىش ـ ياز بايلارغا ئىشلەش بىلەن ئۆتىدۇ. قىسقى-
سى، ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇش تىرىكچى-
لىكلىرى تەرتىپسىز ۋە كۆڭۈلسىزدۇر.

يەرلەرنىڭ بەرىكىتىنى ئۇچۇرۇپ تۇرغـۇچى «شا-
مال»مۇ قاغىشتەگكۇر جازانە ۋە نېسى دېگەندەكلەردىن
ئىبارەت. شۇ سەۋەبلىك يەرنىڭ تەبىئىي بار بولغان باي-
لىقلىرىمۇ پايدا بەرمەي قالىدۇ.

كۆڭۈلگە شۇ نەرسە كېلىدۇكى، ئاھالىنىڭ مال ـ مۈ-
لۈكلىرىنى، كۈچ ـ قۇۋۋەتلىرىنى ئۆزلىرىگە قارىتىۋالغۇ-
چى بايلار ھۆكۈمەت خەزىنىسىدەك بايلىقلارغا ئىگە بول-
غان بولسىدى كاشكى، لېكىن نېمە سەۋەبتىندۇر بۇ يەرنىڭ
بايلىرى ئۇسۇمگە تۇشلۇق بىيىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ جازانىنى
قايتۇرۇش ئۇچۇن كەتكەن كۈچلەر، ئاققان تەرلەر، تامغان
كۆز ياشلىرى ئۇلارنى ئالغا باستۇرمايۋاتقاندۇر بەلكىم.
چۈنكى ئالتەشەھەردە مىليونلارغا خوجا بولغان، مائارىپ
ۋە ياخشى ئىشلارغا مىڭلارچە پۇل سەرپ قىلغان بايلارنى
كۆرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئالتەشەھەرنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئىبادەت ئورۇن-
لىرىغا كەلسەك: قەلەمگە ئالغۇدەك ئالىي ۋە مۇقەددەس
قۇرۇلۇشلارنى كۆرەلمەيمىز. بارلىرىمۇ خارابە ۋە ۋەيرا-
نىلىقلاردىن ئىبارەت. مۇنداق قۇرۇلۇشـلاردىن پـەقـەت
مەسچىت، گۈمبەز، مەدرىسلەرمۇ بار بولۇپ بۇلارغا قا-
راشلىق ۋەقپە يەرلەر بەك كۆپ. پەقەت، مىليونلاپ پۇلغا
ئىگە تۇرۇقلۇق ئاچ ـ يالىڭاچ يۇرگەنلىكى سەۋەبلىك بۇ
يۇرتلار كېيەن ۋە يۇيۇپ تاراشقا ھاجەتسىز ھالدا توپىغا
كۆمۈلۈپ ياتماقتا. نۇرغۇن ئىلىم ۋە ئىبادەت ئورۇنلىرى
نۇرغۇن ۋەقپىلەرنى مىراس قىلىۋېلىپ توپىغا كۆمۈلۈپ
كېتىدۇ. ساق قالغانلىرىمۇ چاڭ ـ توزان، ئەسكى ـ تۇس-
كىلەر ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالىدۇ.

خۇلاسە: ئالتەشەھەردە بۇخارا ۋە سەمەرقەنت شە-
ھەرلىرىدىكىدەك چوڭ ـ چوڭ مەدرىسلەر، مەسچىت ـ
جامەلەر، كارۋان سارايلار، ھامام ۋە گۈمبەزلەر، خان
ئوردىلىرى، خان سارايلىرى يوق. ئالتەشەھەر خانلىرىنىڭ
ھاياتى ئۆزئارا قىرغىنچىلىق بىلەنلا ئۆتۈپ كـەتـكـەن.
مەزكۇر بەدۆۋلەت جامەلىرىمۇ سېلىنغاندىن بېرى رېمونت
قىلىنمىغان بولسا كېرەك. يەرگە سېلىنغان سېلىنچىلىرىمۇ
يوق. مەسچىت تاملىرىدىكى ئالامەتلىرىدىن قارىـغـانـدا
سېلىنغاندىن تارتىپ سۈپۈرۈلمىگەنلىكى مەلۇم، چاڭ ـ
توزان، ئۆمۈچۈك تورلىرىنىڭ بەك كونا زامانلارنى ئەسكە
چۈشۈرۈشكە قارىغاندا تەسەۋۋۇرىمىز توغرا چىقسا كې-
رەك. پەقەت جۈمە كۈنلىرىدىلا ئۇزۇن چاپان كىيىپ نا-
مازغا كەلگۈچى مىڭلارچە مۆمىنلەر ئېتەك ۋە يەڭلىرى
بىلەن سۈپۈرۈپ ۋە ئاياغلىرى بىلەن ئېرتىپ چاڭ ـ تو-
زانىنى سەل ـ پەل ئازايتىدۇ. كۈچلۈك تەقۋادار كىشىلەر
مەسچىت توپىسى ۋەقپە دەپ قاراپ كىيىملىرىنى مەسچىت-
نىڭ ئىچىدىلا قېقىۋېتىپ كېتىدۇ.

مەن بىر چاغدا، بىر مەسچىتتىكى چاڭ ـ توزانـــنىڭ

كۆپلۈكنى كۆرۈپ سۆيۈپۈرۈلمەسلىكنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندىم. بۇ مەسچىت «ۋەقپە»، ئۇنىڭ ئىچىدىكى توپىمۇ «ۋەقپە»، شۇڭا ئۇنى سۆپۈرۈپ تۆكسەك ۋەقپىگە جىنايەت قىلغان بولىمىز، دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قازى ۋە ئۆلىمالارنىڭ ۋەقپە يەرلىرىنى سېتىپ مۆھۈر بېسىشلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. ئەگەر شۇ مەسچىتتىكى چاڭ ـ توزان پۇلغا يارىغان بولسىدى، بۇگۈنگىچە كۆزگە سۈرتكىدەكمۇ قالمىغان بولاتتى ۋە قارىغۇلارچە تەقۋادارلىقنىڭ سىرىمۇ شۇ چاغدا ئېچىلغان بولاتتى، دېدىم ئىچىمدە.

ئىلىم ۋە تائەت ـ ئىبادەت ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشلىرى مانا مۇشۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى ئىلىم ئەھلى ياخشى بىلسە كېرەك.

تەبىئىيكى ئەمدى مۇنداق بىنالاردا «شەرھى ئابدۇللا»، « شەرھى ئابدۇلرەھمان»، «ھاشىيەئى ئابدۇلرەھم» ۋە «ئابدۇلغەفۇر»لاردىن دەرس ئۆتۈپ تۇرغۇچى شەيخ ئابدۇللا ۋە شەيخ توختى ئاخۇنلار بار.

بۇ ئاخۇنلارغا تىل تەگكۈزۈش ئەدەپسىزلىك ھېسابلانمىسا «شەرھى»لەر بىلەن «شېرىف»لەر توغرىسىدا بىرگىنە ئېيتىپ ئۆتىدىغىنىم «شەرھى»ۋە «ھاشىيە»لەردىن ئۇزۇپ «نەفاھاتى شېرىف»، «مەكتۇباتى شېرىف»، «مەسنەۋى شېرىف»، «مۇشكات شېرىف» قاتارلىقلاردىن تاشقىرى يەنە«قۇرئان شېرىف» ۋە «ھەدىس شېرىف» نى ئوخشاش ئىلىملارمۇ ئوقۇتۇلسا بەك ياخشى بولاتتى. ئەگەر مېنىڭ دېگىنىمدەك بولسا تېخى شەرھى ۋە شېرىفلەرنى قالدۇرۇپ ئەرەب تىلىنىڭ فونېتىكا، گرامماتىكا، لېكسىكا ۋە لوگىكىلىرى، شەرىئەت قانۇنى، ھەدىس، تەپسىر ۋە ئۇسۇلى فىقھە، ئۇسۇلى ھەدىس، تارىخ، ھېساب، جۇغراپىيە، ئانا تىل قائىدىلىرى، سىيەر شېرىف، تەبىئەت، ماتېماتىكا پەنلىرى ئوقۇتۇلۇشقا تېگىشلىك. مۇمكىن بولسا، تىبابەتچىلىق، سودا ـ سېتىق ۋە سانائەت مەكتەپلىرىنى قۇرۇش، كۆچلۈك ئوقۇتقۇچى ۋە تەربىيەچىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تەلىم ـ تەربىيە مەكتەپلىرى دارىلمۇئەللىمىن ۋە دارىلمۇئەللىماتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم. دوختۇر، تېۋىپ، يېتىمخانە ۋە ئاممىۋى سورۇنلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. ئىلمىي، ئەدەبىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي گېزىت ۋە ژۇرناللارنى چىقىرىش كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن مىللىي ۋە مەدەنىي مۇئەسسەسەلەر، ئىلمىي ۋە كۈندىلىك پائالىيەت سورۇنلىرى، تۈرلۈك پەنلەرگە ماھىر ئوقۇتقۇچى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى ھازىرلاش كېرەك. مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، يۈكسىلىشى مانا مۇشۇنداق ئىشلارغا باغلىق بولۇپ تۇرماقتا. بىزنىڭ ئالتەشەھەرلىكلەرگە ئېيتار سۆزلىرىمىز ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

يەنە بىر سۆزۈم: شارائىتقا بەك توغرا كەلمىسىمۇ ئېيتىدىغىنىم شۇكى، قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپلەرنى سېلىش بەك لازىم ئىدى.

ھازىرقى مەكتەپلەرنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق. قەيەردە تاشلاندۇق ئۆي بولسا مەكتەپ شۇ. قەيەردە بىرەر سوپى ۋە دەرۋىش بولسا شۇ ئوقۇتقۇچى. باللار تۆت ئەتراپىدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئۆيلەردە لاي ـ توپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئوقۇيدۇ. بايۋەچچىلەر ئوقۇيدىغان سەل ياخشىراق مەكتەپلەرنىڭ تېگىگە پاخال سېلىنغان بولۇپ، باللار تۇخۇم باستۇرۇۋاتقان توخۇدەك پاخال ئۈستىدە ئولتۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر ئوقۇشىدۇ.

بۇ يەردە ھەجە پارس تىلىدا ئوقۇتىلىدۇ، ئۇيغۇر بالىلىرى: «ئەلف زەبەر ئە، ئەنى لەمگە ئەل، ھە زەبەر ھە ئەلھە، ھە نى مىمگە ئەلھەم، دال پەش دۇ ئەلھەمدۇ» دەپ ھەجىلەيدۇ. كىمدۇر بىرىدىن قازاق ھەجىسى ھەققىدە مۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىغانىدىم:«ئەلپ ئۈستىندە باقان ئە، لام ئۈستىندە چاڭغاراق ئال، ھى ئۈستىندە تاغى باقان ئەلھە، مىم ئۈستىندە تاغى چاڭغاراق ئەلھەم، دال ئۈستىندە چوقمار ئەلھەمدۇ»...

مېنىڭچە بۇ ئۇسۇل يۇقىرىقىغا قارىغاندا مىڭ ياخشى. چۈنكى باقان، چاڭقاراق ۋە چوقمار دېگەندەك نەرسىلەر ھەربىر قازاق بالىسىغا تونۇشلۇق نەرسىلەردۇر. ئەمما زىر، زەبەر، پەش، ساكىن دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالتەشەھەر بالىلىرى كۆرگىنىمۇ ھەتتا ئاڭلىغىنىمۇ يوق.

مەكتەپ ـ مەدرىسلىرى، دىنىي ۋە ئىلمىي ئورۇنلىرى مۇشۇنداق ھالەتتە تۇرغان مىللەتنىڭ باشقا ئەھۋاللىرىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى ئاڭقىرىۋالالايدۇ. بۇلارنىڭ ئەقىدىلىرى ھەققىدە يازغاننىڭ ئەھمىيىتى يوق، يازغان تەقدىردىمۇ ئەقىدىلەرنىڭ 99 پىرسەنتى خۇراپات ۋە كارامەتلەردىن ئىبارەت.

ئالتە شەھەردە سۇ ۋە تۆمۈر يوللار يوق. سودا ۋە كارۋان يوللىرىمۇ ئۇڭشالمىغان. يوللار ئومۇمەن قۇملۇق

ۋە تاشلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ كۆپىنچە جايلىرىدا هارۋا
ماڭالمايدۇ. يۈكلەر تۆگە، ئات ۋە خېچىرلار بىلەن تو-
شۇلىدۇ. ئالتەشەھەرنىڭ ماختاشقا لايىق نەرسىلىرىدىن
بىرى يۈرۈشلۈك يورغا ئاتلىرى بولۇپ، بۇ ئاتلار كىچىك،
دىقماق بولسىمۇ كۈچلۈك ۋە چىداملىق كېلىدۇ ھەم نا-
هايىتى تېز ماڭىدۇ. مۇنداق ئاتلارغا مىنسەڭ بىر كۈندە
ئالتە سائەت، 50 ـ 60 چاقىرىم يول يۈرگىلى بولىدۇ.
مۇنداق يۈرۈشلۈك يورغا ئاتلارغا مىنىپ سەپەر قىلىش
پەيتوندا ئولتۇرغاندىن راهەترەك. ئۆزۈممۇ ئالتەشەھەرنى
كۆپىنچە ئاتلىق ساياهەت قىلدىم. يىگىرمە كۈنلەپ يول
يۈرۈپمۇ مىنگەن ئېتىم چوۋىن چاققانچىلىكمۇ يېغىر بول-
مىدى، ھېچنېمە بولمىدى. ئۆزۈمنىڭمۇ ساغرا ۋە كۆك-
رەكلىرىمنىڭ ئاغرىغىنىنى سەزمىدىم. مۇنداق ياخشى ئات-
لار لوپ كۆلى ئەتراپى ۋە قاراشەھەردىن كۆپ چىقىدۇ. بۇ
يەردە يەنە بىر خىل تاغ ئاتلىرى باركى، بۇ ئاتلار قۇ-
لۇندەك كىچىك بولسىمۇ يول يۈرۈشكە تۆمۈردىن ياسى-
غان ماشىنىدەك چىداملىق كېلىدۇ.

سەل قىممەتلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا مىنىشكە خې-
چىردىن ياخشى هايۋان يوق. خېچىر بىلەن بىر كۈندە
70 ـ 80 چاقىرىم يول يۈرگىلى بولىدۇ. ئالتەشەھەرنىڭ
قويلىرىمۇ ئاتلىرىدەك كىچىككىنە، قۇيرۇقسىز بولىدۇ.
سىيىرلىرىمۇ شۇنداق ئۇششاق ـ ئۇششاق ھەم سۈتسىز
كېلىدۇ. غاز، ئۆردەك دېگەندەك قۇشلارنى باقمايدۇ،
توخۇلىرىمۇ بەك كىچىك بولۇپ، تۇخۇملىرى كۆگەرچىن
تۇخۇمىدىن سەللا چوڭ بولىدۇ.

قەشقەر، ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك شەھەرلىرى ئا-
رىسىدا تېلېگراف سىملىرى بار. مۇسۇلمانلار تېلېگرامما-
لارنى ئىنگلىز ھەرپلىرى بىلەن يازىدۇ. تېلېفونخانىلاردا
تۇرغۇچىلار خەنزۇ بولۇپ، بېرىلىدىغان تېلېگراممىلارنىڭ
مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ. قەشقەردىن خوتەنگە قاراپ سو-
زۇلغان كارۋان يولى ناهايىتى ئۇزۇن بولۇپ، چىننىڭ
شەرقىي رايونلىرىدىن چېگدۇغىچە بارىدۇ. ياركەنتتىن
ھىندىستانغا كېتىدىغان بىر يول بار. بۇ يولدا تاغ ئاتلىرى
ۋە قوتازلارلا ماڭالايدۇ. چۈنكى بۇ يول قاراقۇرۇم ۋە
ھىمالايا تاغلىرىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئاقسۇدىن ئۇدۇل
غۇلجىغا بارىدىغان يولمۇ تار ۋە تاشلىق بولۇپ، هارۋا
مېڭىش ئىمكانىيىتى يوق.

ياركەنت ـ خوتەن ـ چېگدۇسېڭ يوللىرىدىمۇ يۇم-
شاق قۇم بولۇشى سەۋەبلىك هارۋا ماڭالمايدۇ. ئالتەشە-
ھەرنىڭ نەقلىياتى مۇشۇ يوللار ئارقىلىق ئۆتىدۇ.

سودىگەرلەرنىڭ بىر قىسمى يەرلىك مۇسۇلمانلاردىن
ئىبارەت بولۇپ، قالغىنى پەرغانە، ئافغانىستان ۋە ھىن-
دىستانلىقلار ھەمدە جازانىخور چىنلىقلاردۇر. بۇ يەردىن
روسىيىگە چىقىدىغان ماللار: يۇڭ، تېرە، يىپەك، پاختا،
بۆز، گەز ۋە ئۆرۈك قېقى قاتارلىقلاردۇر. روسىيىدىن بۇ
يەرگە كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەھمىيەتلىكرەكلىرى بۇلار:
گەزمال، تۆمۈر، چاي، شېكەر، كىرسىن، ھەرخىل تاش
ئاياقلار، تۈرلۈك بوياقلار، تۈگمە دېگەندەك تۈرلۈك
مىلىچ ماللار، ئازراق قەغەز پۇل قاتارلىقلار.

ھىندىستانغا يىپەك ۋە ئالتۇن ئېلىپ بېرىپ تۈرلۈك
دورا ـ دەرمەك، پارقىراقلار، ئۇقا ۋە تاسمىلار، يۇڭ يې-
پەكتىن توقۇلغان رەختلەر، كۆن ـ خۇرۇم ۋە باشقا ئۇش-
شاق ـ تۆششەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە يىپەك مەھسۇلاتى خوتۇن ـ
قىزلارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان-
لىقى ئېسىمگە كەلگەندە شۇنىمۇ دەپ ئۆتەي: ئالتەشە-
ھەرنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرى تەلىم ـ تەربىيىدىن، ئىلمىي ۋە
ئەخلاقىي زىننەتلەردىن مەھرۇم قالغانلىقى ئۈچۈن تاشقى
بېزەكلەرگە ۋە سۈنئىي گۈزەللىكلەرگە بەك ئەھمىيەت
بېرىدىغان بولۇپ كەتكەن. بۇلارنىڭ مۇنداق تەربىيە ۋە
ئەدەپ ـ ئەخلاقتىن، ئىلىم ـ ھۈنەردىن مەھرۇم قېلىشىنىڭ
سەۋەبى ئەرلىرىنىڭ نادانلىقلىرىدىن بولغان. ئالتەشەھەر
خەلقى ئومۇمەن ئىلىم ـ پەن، مائارىپ، سانائەت، تىجارەت
ئىشلىرىدا ئالغا بېسىشنى پەقەت ئويلىمايدۇ. ئۇلارنى بۇ
يولغا ھەرقانچە ھەيدىسەڭمۇ ھۈركىگەك ئاتتەك كەينىگىلا
داجىيدۇ. ئۇلار تەنتەربىيە، تەپەككۇر ۋە ئەقىل تەربىيىسى،
دىن ۋە ئەخلاق تەربىيىسى، ئاياللار تەربىيىسى دېگەن-
لەردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز توم تۇرك(ئۆزلىرىنىڭ تە-
بىرلىرىچە) ①لەردۇر.

خەلق نادان، قىلىق ۋە ھەرىكەتلىرى تەبىئەت قانۇ-
نىيەتلىرىگە ۋە زامان تەقەززاسىغا خىلاپ. شۇ سەۋەبلىك
تۇرمۇش ۋە تىرىكچىلىكلىرى تاشقا ئۇرۇلغان پاراخوتتەك
ۋەيرانلىق، مەھكۇملۇق دېڭىزىغا غەرق بولۇپ تۇرىدۇ.
زامان ھارۋىسى ئۆز ناخشىسىنى ئېيتمىغانلارنى بەرىبىر
ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

ھېچبىر ئىشىدا يېڭىلىق ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت كۆ-

رولمەيدۇ. بىر كۈنلۈك ئىشنى ئون كۈنگە سوزۇپ قىلىدۇ. قىلىدىغان ئىشنىڭ پەقەت ۋاقتى، قەرەلى يوق. «تەگسە تۆۋەنگە، تەگمىسە شاخقا»دەپ، دەرەخ بېشىغا تاش ئاتقاندەك ئويناپ ئىشلەيدۇ. بەك تەتۈر ئىش قىلىدۇ، جاھاننىڭ ئىشلىرىغا تەتۈرسىچە قارايدۇ.

ئۆلۈكلەرنى بەك ھۆرمەت قىلىدۇ. مېيىتلارنىمۇ پەۋقۇلئاددە داغدۇغىلىق مۇسىبەتلەر بىلەن دەپنە قىلىدۇ. ۋارىسلىرى ئايلاپ ئۈن سېلىپ يىغلايدۇ. بۇنداق يىغلاش ئۇلارغا ئادەت بولۇپ كەتكەن. يىغلىمىسا باشقىلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ. مېيىت چىققان ئۆيگە ئۈچ كۈنگىچە تاماق كېلىپ تۇرىدۇ. مېيىتنى يەرلىككە قويۇپ قايتقاندىن كېيىن كىشىلەر مىراسخورلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ، ئۆيگە كىرىپ پاتىھە ئوقۇيدۇ.

مەھەللە خەلقى خۇپتەن نامىزىنى مېيىت چىققان ئۆيدە ئوقۇيدۇ. نامازدىن كېيىن مېيىت ئۈچۈن ھەۋەل نامىزى دەپ يەنە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ. بۇ ئىش ئۈچ كۈن داۋاملىشىدۇ. قەبرە ئۈستىگە ئۆي سېلىپ ياكى ۋاقىتلىق چېدىر تىكىپ ئۈچ كۈندىن 40 كۈنگىچە ئۈچ ـ تۆت قارى ۋە مېيىتنىڭ ۋارىسلىرى تۇرىدۇ. قۇرئان ۋە تەھلىل ئوقۇلىدۇ.

ئەگەر ئۆلگۈچى ياخشى ئادەملەردىن، ئىشان ۋە ئەۋلىيالاردىن بولسا ئۇنىڭغا مازار قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆزى بېرىپ چوقۇنىدۇ، مەدەت ۋە ياردەم تەلەپ قىلىدۇ.

مۇشۇ كۈنلەردە خوتەندە شۇنداق كارامەت ئىگىلىرىدىن بىرى ئۆلگەنىدى. ئۇنىڭغا مازار قىلىش ھەققىدە شەھەرنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئارىسىدا غەۋغا كۆتۈرۈلدى. چۈنكى ئۇنداق مازارنى ھەركىمنىڭ ئۆزىگە مۈلۈك قىلىۋالغۇسى كېلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ مازارنى مەن ئۆز دادامنىڭ قەبرىسى بېشىغا تىكلەيمەن دەپ سوقۇشتى. ئاقىۋەتتە مازاردىن قۇرۇق قالغان تەرەپ ئاچچىقلىنىپ، مېيىت نامىزى ئوقۇلماي تۇرۇپلا قېچىپ كەتتى.

ئىلگىرىكى زامانلاردىمۇ «ۋەلى» لىكى مەلۇم بولغان ئادەملەرنى مازار قىلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈش ئادىتىمۇ بولغان دەپ ئاڭلىدىم. شۇنداق بولغان بولسىمۇ بولغاندۇ، چۈنكى بۇلارنىڭ مازارلارغا بولغان ئەقىدە ۋە ئېتىقادلىرى ناھايىتى مۇكەممەل.

خەلق ھەددىدىن ئارتۇق قاراڭغۇ جاھالەت ۋە زۇلمەت ئاستىدا ئېزىلىدۇ. ئۆمۈرلىرى قۇرۇق خىياللار بىلەن ئۆتىدۇ. خۇدا دېيىشىنىڭ ئورنىغا خوجا باھاۋىدىن، غەۋسىل ئەزەم ۋە باشقا ئاللىقانداق كىشىلەرنىڭ نامىنى ياد ئېتىدۇ. قەرەللىك مەتبۇئاتقا يامان كۆز بىلەن قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىچە گېزىت، ژۇرناللار خەلقنى ئالداپ پۇل تېپىش ئۈچۈنلا چىقىرىلغان نەرسىلەرمىش. گېزىتلەر يالغانمىش.

توغرا، گېزىت، ژۇرناللارنى، ئىلمىي، ئەدەبىي رىسالىلەرنى بەك سۆيۈپ ئوقۇغۇچىلارمۇ بار. لېكىن مۇنداقلار بەك ئاز. مەسىلەن: ئالتەشەھەرنىڭ مەشھۇر ۋىلايەتلىرىدىن بولغان خوتەن شەھرىدە قۇربان ھاجى بىلەن يۈسۈپ ئاخۇنغىلا گېزىت كېلىدۇ. قۇربان ھاجى خوتەننىڭ مۆتىۋەر سودىگەرلىرىدىن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا گېزىت ئوقۇشنى باشلىغىلى 5 ـ 6 يىل بوپتۇ. شۇنىڭ سايىسىدە پىكرىمۇ ئېچىلىپ قالغان. ئۈچ ـ تۆت تۈرلۈك تاتارچە گېزىت، ژۇرنال ئوقۇيدۇ. ئۇلار خوتەندە يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ پەن ـ مائارىپ، ئەدەپ ـ ئەخلاق تەربىيىسىدىن قۇرۇق قالغان مىللەت باللىرىنى زامانغا لايىق تەربىيىلەپ ھەقىقىي مىللەتپەرۋەر كىشىلەرنى قاتارغا قوشۇش يولىدا قاتتىق باش قاتۇرۇۋاتىدۇ. كاشكى شۇنداق كىشىلەر كۆپرەك بولغان بولسىدى!...

## ھۈنەرلىرى

ئالتەشەھەر خەلقى ھۈنەر ـ سەنئەتكە قابىل ۋە ئۇستا. پەقەت بۇ يولدا ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى مۇئەللىملەر، ياردەملەشكۈچى ماشىنىلار بولمىغاچقىلا ئىشى ئالغا باسمايۋاتىدۇ.

ئاساسلىق ھۈنەرلىرى: تۆمۈرچىلىك، زەرگەرلىك، تۇقۇمچىلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، قولدا ياسىغان ۋە توقۇغان نەرسىلىرى ئارىسىدا زاۋۇت ۋە فابرىكا ماللىرىدىن قېلىشمايدىغان نەرسىلەر بار.

تۆمۈر ۋە پولاتتىن پالتا، پىچاق، ئاچقۇچ، تاقا، قاداق دېگەندەك نەرسىلەرنى ياسايدۇ. مىس ۋە تۇچتىن قازان، تاۋاق، چۆمۈچ، چەينەك، داس، لېگەنلەرنى ياسايدۇ. ساماۋەردە چاي ئىچىش ئادىتى بولمىغاچقا ئۇنداق نەرسىلەرنى ياسىمايدۇ.

ئېسىل تاشلار، چەچلەردىن بەك نەپىس، چىرايلىق تۈرلۈك ئۈزۈك، بىلەزۈك، ھالقا، تۈگمە دېگەندەك نەرسىلەرنى ئىشلەيدۇ. مۇنداق تاشلاردىن ياسالغان بىلەزۈكنىڭ بىرى يۈز سومغىچە سېتىلىدۇ. بۇنى ياسىغۇچىلار يەرلىك خەلق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى خەنزۇلار ئىشلىتەلەيدۇ. بىلەزۈكتىن باشقىلىرىنى مۇسۇلمانلارمۇ ئىشلىتىدۇ. ئالتۇن ـ كۈمۈشتىنمۇ خوتۇن ـ قىزلارغا لايىق شۇنداق

كىچىك زىننەت بۇيۇملىرىنى ياسايدۇ. تاشچى ۋە زەرگەرلەرنىڭ دۇكانلىرىدا بەك قەدىمكى زامانلاردىن قالغان زىننەت بۇيۇملىرىمۇ بولىدۇ. ئاسار ئەتىقىگە بەك قىزىقىپ كەتمىگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى ئانچە بىلىپ كېتەلمەيدىكەنمەن. مۇنداق سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ دەرىجىسىنى پەقەت ياۋروپا ساياھەتچىلىرىلا بىلىدۇ.

بايىراق دۇكانلار ئادەمگە مۇزېيخانىلارنى ئەسلىتىدۇ. قەدىمكى ۋە ھازىرقى زىننەت بۇيۇملىرى ئارىسىدا كىشىنىڭ دىققىتىنى بەك تارتىدىغان نازۇك سەنئەت بۇيۇملىرىمۇ كۆزگە تاشلىنىدۇ. بۇرۇنقى سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن بۈگۈنكى سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ ئارىسىدا چوڭ پەرق يوق. پەقەت كونىلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ھازىرقىلىرى سەل كىچىكرەك بولىدۇ شۇ. مۇشۇ كۈندە ئىشلىتىلىۋاتقان تاش ھالقىلار دۈپدۈگىلەك بولۇپ، چوڭلۇقى تەخمىنەن چاي تەخسىسىنىڭ تۈۋىچىلىك كېلىدۇ. ئۇنى بەك چىرايلىق نەقىشلەپ، ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن زىننەتلەپ كىشى زوقلانغۇدەك ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. ئالتۇن تۈگمىلەرنىڭ ئىچى كاۋاك بولۇپ، چوڭلۇقى ۋە شەكلى توخۇ تۇخۇمىغا ئوخشايدۇ. بېشىغا كەپتەر تۇخۇمىچىلىك جىق مارجانلارنى ئورنىتىدۇ. مۇنداق تۈگمىلەرنىڭ بىر كىيىملىكى (بەش دانىسى) ئىككى يۈز سەر (ئالتە يۈز سوم)گە سېتىلىدۇ. ئۈزۈك قاشلىرىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا چوڭ بولىدۇ. لېكىن مۇنداق نەرسىلەرنىڭ يىلدىن يىلغا كىچىكلەۋاتقانلىقى مەلۇم. شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، مۇنداق بۇيۇملار پۈتۈنلەي ئىستېمالدىن قالىدۇ. ئۇ چاغدا مۇنداق نەرسىلەرنى پەقەت مۇزېيخانىلاردىلا كۆرگىلى بولىدىغان بولۇپ قالىدۇ. توقۇمىچىلىق ئىشلىرى بىزنىڭ يېزىلاردىكى كەندىر يانچىش ئىشلىرىغا قارىغاندا كۆپ ئىلغار. ھۈنەرلىرى نازۇك ـ سىپتا بولۇش بىلەن تەڭ ئۈنۈملۈك ھەم جەلپكاردۇر.

يىپەكتىن شاھى كۆڭلەكلىك، بەقەسەم چاپانلىق رەختلەرنى توقۇيدۇ. توقۇمىچىلىق ئىشلىرى ئالتەشەھەرنىڭ ھەر قانداق يېرىگە قارىغاندا خوتەنگە خاسراق كۆرۈنىدۇ. بۈگۈنگە قەدەر خوتەننىڭ ئىشى پەرغانە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىشىغا قارىغاندا تۆۋەنرەك ئىدى. كېيىنكى يىللىرى كەركىن ۋە خۇدابەردى بايلارنىڭ يېڭىلىقلىرى نەتىجىسىدە خوتەن شايىلىرى، يىپەك بەقەسەملىرى پەرغانىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى.

يۇڭدىن گىلەم، پاختىدىن بۆز توقۇش ئىشلىرىمۇ خېلى تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. توقۇش ئىشلىرى كۆپىنچە ئەرلەرگە خاس بولۇپ، يىپەك تارتىش، چاق ئېگىرىش، يىپ ئېگىرىش ئىشلىرىنى خوتۇن ـ قىزلار باشقۇرىدۇ. يىپ ئېگىرىش ئۈچۈن ياغاچتىن ياسالغان چاقلىرى، قول ماشىنىلىرى بەك ساددا كۆرۈنسىمۇ بىزنىڭ ئورچۇقلاردىن ياخشى. ئورچۇق بىلەن ئۇن كۈندە قىلىدىغان ئىشنى ئۇلار چاق بىلەن بىر سائەتتە ئىشلەيدۇ. بۇ چاقلار بىر مىنۇتتا 20 ئارشىنلاپ يىپ چىقىرىدۇ.

توقۇغۇچى ئۇستىلار بايلارغا كۈنلۈكچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. كۈنلۈك ھەققى ئىككى تەڭگە بولۇپ، بىر كۈندە بەش سەر يىپەك توقۇيدۇ. خام يىپەكنىڭ بىر سەرى ئىككى تەڭگە بولۇپ، توقۇلغاندىن كېيىن ئۈچ تەڭگىگە سېتىلىدۇ. دېمەك ئىشچىلار ئۆزلىرى يىپەك ئېلىپ ئىشلىسە بىر كۈندە ئۈچ تەڭگە پايدا تاپىدۇ. ئۇلارنى بۇ پايدىدىن قۇرۇق قالدۇرغان نەرسە قوللىرىنىڭ قىسقىلىقىدۇر. ئىككىنچى دەرىجىدىكى ھۈنەرۋەنچىلىك ـ ياغاچچىلىق بولۇپ، شەرق ئۇسۇلىدا بەك چىرايلىق ھەندىسە چىلتەرلەر، ئىشىك ـ دېرىزىلەر، دېرىزە قاپقاقلىرى ياسىلىدۇ. بۇ چىلتەرلەرگە كۆز چۈشسە ھەندىسە قائىدىلىرى بارلىق نازاكەتلىرى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالىدۇ. بۇلار ھەندىسە ئىلمىنى ئوقۇماي تۇرۇپ قانداقسىگە مۇنداق ئېسىل نەرسىلەرنى ئىشلىگەندۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. مۇنداق ئېسىل چىلتەرلەر ئەڭ ئالدى بىلەن ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشلىرى ئۈچۈن تەبىئىي زىننەت بولۇشقا بەك لايىق.

تاختا، ئىشىك، دېرىزىلەرگە ھەر خىل بوياقلار بىلەن بەك نەپىس ۋە تەبىئىي بېزەكلەرنى بېرىش، گۈل، دەرەخ ۋە باشقا جانسىز نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزىش ئادىتى بار. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇلار رەسىم سەنئىتىگە ناھايىتى ئۇستا.

جۈجەم ياغىچىدىن دۇتار، تەمبۇر دېگەندەك چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش ھۈنىرىمۇ بار.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئالتەشەھەر خەلقى ھۈنەر ـ سەنئەتكە ناھايىتى ماھىر. پەقەت بۇ ساھەدە يېڭىلىق يارىتىپ تۈرلۈك ھۈنەر ـ سەنئەتلەرنى زامانغا لايىق رەۋىشتە ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلا قالدى. بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەسپىي ھۈنەر ـ سەنئەت مەكتەپلىرىنى ئېچىش كېرەك. سانائەتنىڭ ئىنساننىڭ تىرىكچىلىكى ۋە بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن نان بىلەن سۇدەك زۆرۈر نەرسە ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىق

كېرەك. خەلق شۇ پىكىردە چىڭ تۇرسا تۇرمۇش ۋە تىرىكچىلىكلىرى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ مىللەت بەختىيارلىقتا راھەت ياشايدۇ، ۋەيرانىلىق ۋە ھالاكەتتىن قۇتۇلىدۇ، نامراتلىق ۋە كىشىنىڭ قولىغا قاراپ قېلىشتىن قۇتۇلىدۇ.

ئالتەشەھەر خەلقى ياۋاش، ئەمىر، مەمۇرلىرىغا بەك ئىتائەتچان كېلىدۇ، ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق دىنىي پەرزلەرنى تولۇق ئادا قىلىشقا تىرىشىدۇ. قازى ۋە ئەلەملىرى جامائەت نامىزىغا بارمىغانلارنى، قىمارۋاز، ئوغرى، پاھىشە ۋە پاھىشىۋازلارنى تىزگىنلەپ، تەنقىد تەربىيە بېرىپ تۇرىدۇ. يەنە شۇنداقمۇ ئىشلار باركى، قازى ۋە دىندارلار تەنقىد ۋە جازا بەرگەندە ھەق ـ ناھەققە رىئايە قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەقەت ئاجىز، بىچارىلەرنىلا كۆرىدۇ. چوڭلارغا چىشى پاتمايدۇ. شۇڭلاشقا شەرىئەتكە يات ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسى بايلاردا سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە يازىدىغان سۆزلىرىمىز كۆپ ئىدى، قىسقارتتۇق.

شۇنىسى گۈزەلكى، ئالتەشەھەر خەلقى دوستلۇق ـ باراۋەرلىكنى، يەر يۈزىدىكى بارلىق كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە قېرىنداش دەپ بىلىدۇ. تەرتىپلىك مەكتەپلەر ئېچىلىپ زامانىۋى ئوقۇتۇش يولغا قويۇلسا، ئوقۇتۇلۇشقا باشلىسا، قان ـ قېرىنداشلىرىغا بولغان مايىللىق ۋە مۇھەببەتلىرى يەنىمۇ ئاشىدۇ.

شۇنىسى ھەيران قالارلىقكى، چەت ئەللەردىكى قېرىنداشلىرىغا مۇھەببەت بىلەن قارىسىمۇ لېكىن ئۆز ئىچىدە ھېچ مېھىر ـ مۇھەببەت ھاسىل قىلالمايدۇ. نېمىشقىدۇر ئۆز ئارىلىرىدىكى يېقىن قېرىنداشلىقنى ئۇنتۇيدۇ. مىللەت ۋە جامائەت بولۇپ ئۇيۇشالمايدۇ. ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە پەقەت كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. باغلاقتىن قاچىدىغاندەك ھەممىسى ھەر تەرەپكە تارتىشنىڭ كويىدا. بولۇپمۇ دۇنيا، بايلىق مەسىلىسىدە بىر ـ بىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەننى پەقەت سىغدۇرالمايدۇ. قېرىنداشلىرىنىڭ ئىش ـ كۈشلىرى راۋاج تېپىپ كەتسە ئۇنىڭغا ئىچى قىزىيدۇ، بىرسىنىڭ دۇنياسى كېڭەيسە بىرسىنىڭ ئىچى تارىيدۇ. يۈرەكلىرىدە ھەسەت ئوتى يانىدۇ. ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ بۇ ھاللىرى دىنىي ۋە ئەخلاقىي، مىللەت ۋە جەمئىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا بەك زىيانلىق. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرلىك، ئۆملۈك، ھەمكارلىق ئىشلىرى ۋۇجۇدقا چىقماي تۇرىدۇ.

خەلقنىڭ روھىي ئەھۋالى بىلەن ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى ئارىسىدىكى توقۇنۇش، قارىمۇ قارشىلىق شۇ قەدەر كۈچلۈككى، بۇنى تەرىپلەشكە قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ.

كۆرۈنۈشكە شۇنداق نازاكەتلىك ۋە خۇش مۇئامىلىلىك كۆرۈنىدۇ. بېشى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىلىپ سالام بېرىشلىرى، كوچىدا ئۇچراشقاندا ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈشلىرى، بىرى سورۇنغا كىرسە دۈررىدە ئورنىدىن قوپۇپ تۆرىدىن ئورۇن بېرىشلىرى، قوۋۇقىچە ئۇزىتىپ بېرىشلىرى ھەممىدە بۇنىڭدىن باشقىمۇ تۈرلۈك ئىززەت ـ ئىكرام، تەكەللۇپلىرىنى كۆرگەن كىشى ئۇلارنى بەك ئۆم ـ ئىناقكەن، دەپ قالىدۇ. لېكىن بۇ ھەرىكەتلەر سەممىي ئەمەس، پەقەت بىرەر غەرەزگە دالدا قىلىپلا ئادا قىلىنىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكىلەردىنمۇ بىلىش مۇمكىن. ئەگەر سېنىڭ ئىشىڭ پالاقشىدىمۇ بولدى، ساڭا دوستمۇ يوق، سالام ـ سائەتمۇ يوق، ئىززەت ـ ئىكرامۇ يوق.

ئاقچا باردا باردۇر دوست ۋە باردۇر يار،
تۈگىسە ئاقچاڭ بارچە يانىڭدىن قاچار.

شائىر (رەھمەتۇللا ئەلەيھى)نىڭ بۇ شېئىرى ئالتەشەھەر خەلقىنىڭ روھىي ھالىتى ۋە رېئال ھەرىكەتلىرىنى ئىپادە قىلىشتا ۋايىغا يەتكەن شېئىردۇر.

بۇلار كۆز بوياشقا شۇنداق ئۇستاتكى، ئۆزلىرىنى قول دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ، ھاجىتى چۈشكەن كىشىنىڭ قېشىدا «غوجام»، «تۆرەم» دېگەندەك ياغلىما سۆزلەر، يېقىملىق ھەرىكەتلىرى بىلەن قارشى تەرەپنى مومدەك ئېرىتىۋېتىدۇ.

ئوتۇنچىلاردىن تارتىپ ئەڭ چوڭ سودىگەرلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ «بۇ نەرسەڭ نەچچە پۇل؟» دەپ سورىشىغا «ئۆزلىرى چاغلاپ ئالسىلا غوجام» دەپ، باھا قويۇشنى خېرىدارغا ئىتتىرىپ قويىدۇ. لېكىن خېرىدارنىڭ چاغلىغىنىغا ھەرگىز ئۇنىمايدۇ. ئادەتتە بىر تەڭگىگە سېتىلىدىغان نەرسىگە بەش ـ ئالتە تەڭگە سورايدۇ، ئېلىش ـ بېرىش مەسىلىسىدە بەك ئۇزاق تالىشىدۇ. چوڭراق سودىلار ئاساسەن دەلاللارنىڭ ۋاستىسى بىلەن پۈتىدۇ.

دېمەك، تەربىيىسىزلىك، مەكتەپسىزلىك سەۋەبىدىن مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئۆز تەبىئىيلىكىنى يوقاتقان. دىنىي، شەرئىي، مىللىي ۋە ئىجتىمائىي، ئەدەبىي ۋە ئەخلاقىي مەسىلىلەردە پىيادە قالغان. تۇرمۇش ۋە تىرىكچىلىكلىرىمۇ ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرغىدەك دەرىجىدە بۇلغانغان ۋە تەرتىپسىز.

«شۇرا» ژۇرنىلىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئۇرخۇن

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد






جۇۋاننى كۆرسەڭ قاش ئات،
چوكاننى كۆرسەڭ تاش ئات.

قەشقەر يېڭىسارغا قاراشلىق قۇم قىشلاق دېگەن مەھەللىدە ھېلىمخان ئىسىملىك تۇل خوتۇننىڭ ھاشىم گۆلەش ئاتلىق ئەس ـ ھوشى تازا جايىدا ئەمەس بىر ئوغلى بارئىدى. ھاشىمنىڭ بارى شۇ بولغاچ ئۆيلىنەلمەي سۇر ـ بويتاق بولۇپ ئۆتكەنىدى. غەمدە قالغان ئانىسى ھېلىمخان ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ: «جۇۋاننى كۆرسەڭ قاش ئات، چوكاننى كۆرسەڭ تاش ئات» دەپ ئوغلىنى قىز ـ ئاياللارغا قىزىقتۇرماقچى بولدى. ئەخمەق ئوغلى بولسا ئىشنىڭ يولى شۇ ئوخشايدۇ، دەپ قوينىغا تاش سېلىپ يۈردى.

ئېگىز يەر مەھەللىسىدىكى ئىمامئاخۇن مەزىننىڭ كىچىك خوتۇنى گۆھەرنىسا بىر كۈنى سەھەر چىرايلىققىنا ياسىنىپ سۇ ئەكىرىش ئۈچۈن قۇدۇق بېشىغا چىققاندا ھاشىم گۆلەشكە يولۇقۇپ قالدى.

—ھوي، ھاشىم گۆلەش نېمىشقا ئالدىمنى تـوسـۇپ ماڭدۇرمايسەن؟

—ئانام مېنى جۇۋاننى كۆرسەڭ قاش ئات، چوكاننى كۆرسەڭ تاش ئات، دېگەن، بۈگۈن سەن چوكان بولۇپ كېتىپسەن، ساڭا تاش ئاتىمەن.

گۆھەرنىسا بىلەن ھاشىم گۆلەش شۇنداق دەتالاش قىلدى. گۆھەرنىسا:

—ھاشىم، راست سۆزلەۋاتامسەن ياكى ئويناپ سۆزلەۋاتامسەن، —دەپ سۇ ئېلىش ئۈچۈن قۇدۇققا ئېڭىشىۋېدى، ھاشىم گۆلەش گۆھەرنىسانىڭ بېشىغا تاش بىلەن بىرنى قويۇپ ئۇنى قۇدۇققا چۈشۈرۈۋەتتى.

ھاشىم گۆلەش قىلغان ئىشىغا خۇشال بولۇپ ئۆيگە

قايتىپ كىردى. ئانىسى:

—ئوغلۇم، بۈگۈن بەك خۇشالغۇ سەن؟—دېۋىدى. هاشىم:

—سەن «جۇۋاننى كۆرسەڭ قاش ئات، چوكاننى كۆرسەڭ تاش ئات» دېۋىدىڭ، مەن هازىر مەزىننىڭ كىچىك خوتۇنى گۆھەرنىساغا تاش ئېتىپ، قۇدۇققا چۈشۈرۈۋەتتىم،—دەپ كۈلۈپ كەتتى.

—ۋاي ئۆلەي، مۇشۇ گېپىڭ راستمۇ ئوغلۇم؟

—راست ئاپا،—دېدى هاشىم قىلغان ئىشىدىن خۇش بولۇپ سەكرەپ كەتتى.

هېلىمخان ئىشنىڭ يامانغا تايىنىلىقىدىن جان ـ پېنى چىقىپ ئوغلىنى ئىچكىرى ئۆيگە ئەكىرىپ ئۇخلىتىپ قويدى ـ دە، ئۆزى دەرھال بىر قازان قۇيماق سېلىپ ئۆگزىگە ئېلىپ چىقىپ ئۆگزىنىڭ ئۇيەر ـ بۇيېرىگە چېچىپ قويۇپ چۈشتى.

هاشىم ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپلا:

—ئاپا، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، نان بەرگىنە،—دېۋىدى. ئانىسى دەرھال:

—ئۆگزىگە چىق، ئاسماندىن قۇيماق يېغىپتۇ. ئالدىرىماي يەپ چۈش،—دېدى.

هاشىم گۈلەش راستىنلا ئاسماندىن قۇيماق ياغقىنىنى كۆرۈپ، قىن ـ قىنىغا سىغماي پېپىشكە باشلىدى.

هېلىمخان بولسا مۇشۇ پەيتتە دەرھال قۇدۇققا چۈشۈپ مەزىننىڭ كىچىك خوتۇننى تارتىپ چىقىرىپ كۆزدىن يىراق يەرگە ئاپىرىپ كۆمۈپ قويۇپ كەلدى ۋە قۇدۇققا بىر ئۆچكىنى تاشلىۋېتىپ هېچنېمە كۆرمىگەندەك ئۆيگە ياندى.

ئەتىسىدىن باشلاپ «مەزىننىڭ كىچىك خوتۇنى گۆھەرنىسا يوقىمىش. تۈنۈگۈندىن بېرى تاپالماپتۇدەك» دېگەن مىش ـ مىشلار كوچا ـ كويغا چىقتى. هاشىم گۈلەش بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

—مەن ئۇنى قۇدۇققا تاش بىلەن ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتتىم،—دېۋىدى. سوراقچىلار ئۇنى ئورنىۋالدى.

—نېمىشقا ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتتىڭ؟

—ئاپام «جۇۋاننى كۆرسەڭ قاش ئات، چوكاننى كۆرسەڭ تاش ئات» دېگەن. شۇڭا ...

—ئۇنداق بولسا قۇدۇققا چۈشۈپ گۆھەرنىسانى ئېلىپ چىق.

ئۇلار هاشىم گۈلەشنى قۇدۇققا چۈشۈرۈشتى. هاشىم ئۆچكىنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنى تۇتۇپ:

—مەزىن تاغا، خوتۇنىڭىزنىڭ مۈڭگۈزى بارمىدى،—دەپ توۋلىۋىدى، مەزىن خوتۇنۇمنىڭ چىتىك كالىچى قولىغا چىققان ئوخشايدۇ دەپ دەرھاللا:

—ھە، بار ئىدى. قېنى كۆتۈرۈپ چىقار،—دېدى.

هاشىم ئۆچكىنى كۆتۈرەي دېسە، قولىغا ئۇنىڭ تۆت پۇتى ئۇرۇلۇپتۇ. ئۇ يەنە:

—مەزىن تاغا، خوتۇنىڭىزنىڭ تۆت پۇتى بارمىدى؟—دەپ توۋلاپتۇ.

مەزىن ئۇ قول بىلەن پۇتنى دەۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ:

—ھە ـ ھە، بار ئىدى،—دەپتۇ.

هاشىم گۈلەش ئۆچكىنى قۇچاقلاپ باغلاي دېسە ئۆچكىنىڭ يۇڭلىرى يۈز ـ كۆزىگە سۈركىلىپتۇ. هاشىم يەنە:

—مەزىن تاغا، خوتۇنىڭىزنىڭ ھەممە يېرى تۈكلۈكمىدى؟—دەپ توۋلىشىغا، مەزىنمۇ دەرھال «ئايالىمنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ:

—شۇنداق، ھەممە يېرى يۇڭلۇق ئىدى. چاپسانراق ئېلىپ چىق،—دەپ توۋلاپ كېتىپتۇ. هاشىم گۈلەشمۇ ھايال بولمايلا:

—مانا باغلىدىم، تارتىڭلار،—دەپ توۋلاپتۇ. مەزىن ئاخۇنۇم باشلىق جامائەت ھە ـ ھۇ دېيىشىپ «گۆھەرنىسا»نى تارتىپ چىقارسا، كۆز ئالدىدا ئادەم ئەمەس، ئۆچكە تۇرغىدەك.

جامائەت هاشىم گۈلەشنى يەنە سوراققا تارتىپتۇ.

—سەن ئۇنى قاچان ئۇرۇپ قۇدۇققا چۈشۈرۈۋەتكەن؟

—ئاسماندىن قۇيماق ياغقان كۈنى.

مەزىن ۋە جامائەت: «هاشىمنىڭ كۆزىگە ئۆچكە گۆھەرنىسادەك كۆرۈنگەن بولسا كېرەك» دەپ خۇلاسە چىقىرىپتۇ. بۇنىڭ هاشىم گۈلەشنىڭ ئانىسى هېلىمخاننىڭ هېيلىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەزىن ئاخۇنۇم كىچىك خوتۇنىدىن ئىز ـ دېرەكسىز ئايرىلىپ قاپتۇ.

### دوۋ ـ دوۋ قوزام، دوۋ ـ دوۋ

بۇرۇنقى زاماندا، ئەل ـ يۇرت تاماندا بىر مومايىنىڭ

قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقىدىن، يازنىڭ تومۇز ئىسسىقىدىن ئامان ـ ئېسەن چىقىرىپ، ئوتنىڭ ئۇچىنى يېگۈزۈپ، سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئىچكۈزۈپ، نەۋرىسىدەك ئاززۇلاپ بېقىۋاتقان بىر تاللا قوزىسى بار ئىدى. ئۇ مومايىنىڭ سىرداشى، مۇڭدىشى، يېقىن ھەمراھى ئىدى. بىر كۈنى موماي بازارغا بېرىپ نەرسە ـ كېرەك ئېلىپ كەلمەكچى بولۇپ قوزىسى بىلەن خوشلاشتى.

—مەن كەتكەندىن كېيىن ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ ئولتۇر. مەن كەلگەندە: «دوۋ ـ دوۋ قوزام دوۋ ـ دوۋ، ئوتنىڭ ئۇچىنى، سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئەكەلدىم» دەپ چاقىرسام ئىشىكنى ئاچ، ئۇنداق بولمىسا يامان غەرەزلىك يىرتقۇچ مەخلۇقلار كىرىپ سېنى يەۋېتىدۇ.

مومايىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىۋالغان قوشنىسى— يۇڭلىرى پاخپىيىپ، چىشلىرى ھېڭگاراپ كەتكەن قېرى بۆرە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قوزا بار ئۆيگە يېقىنلاشتى. بۇ ھىيلىگەر بۆرە ئۇزاقتىن بۇيان مومايغا ياخشى چاق بولۇپ، پەيت كۈتۈپ كەلگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئۇزۇن تىللىرى بىلەن كالپۇكلىرىنى يالاپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، مومايىنىڭ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا كەلدى. ئاۋازىنى مومايغا ئوخشىتىپ قوزىنى چاقىردى:

— دوۋ ـ دوۋ قوزام، دوۋ ـ دوۋ، ئوتنىڭ ئۇچىنى، سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئەكەلدىم. ئىشىكنى ئاچ ...

قوزا مومام كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئىشىكنى ئاچسا ياۋۇز بۆرە شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ تۇرغىدەك. قېرى بۆرە:

—مېنىڭ ئۇزاقتىن بېرى سېنى يېيىشنى ئارزۇ قىلغان ئارزۇلىرىم بۈگۈن ئەمەلگە ئاشتى،—دەپ بىچارە قوزىنى ياۋۇزلۇق بىلەن ئېتىلىپ، ۋارقىراپ ـ يالۋۇرغىنىغا قارىماي ئىككى پۇرلاپلا ھاپ ئېتىۋېتىپ، ئۇستىخانلىرىنى پۇركۈپ چىقىپ كېتىپتۇ.

موماي مىڭ مۇشەققەتتە بازاردىن كېرەكلىك بۇيۇملار ۋە قوزىسى ئوينايدىغان ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ ئۆيگە كېلىپ قوزىسىنى چاقىرىپتۇ:

— دوۋ ـ دوۋ قوزام، دوۋ ـ دوۋ، ئوتنىڭ ئۇچىنى، سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئەكەلدىم. ئىشىكنى ئاچ ...

ئۆي ئىچى جىمجىت، قورۇدىن ھېچقانداق تىۋىش كەلمىگەندىن كېيىن موماي ئىشىكنى ئۆزى ئېچىپ، ئۆيگە كىرسە، بوسۇغا قىپقىزىل قانغا بويالغان، قوزىنىڭ سۆڭەكلىرى چېچىلىپ ياتقان. موماي «ئاھ، قوزام» دەپ يىقىلىپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ. ھوشىغا كېلىپ زار ـ زار يىغلاپتۇ. كېيىن: «بۇنى كىم قىلدى؟ پەقەت ھىلىقى يىرتقۇچ، قېرى بۆرىلا مۇشۇنداق ياۋۇزلۇقنى قىلىدۇ. مېنىڭ يوقلۇقىمدىن پايدىلىنىپ يامان نىيىتىگە يېتىپتۇ» دەپ ئويلاپتۇ ۋە «توختا، مەنمۇ سېنىڭ جېنىڭنى ئېلىپ، يۈرىكىڭنى قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قوياي» دېگەن نىيەتكە كەپتۇ. ئۆيىنىڭ تۆرىنى چوڭقۇر كولاپ، ئوت قالاپ، چوغىنى ئوبدان كۆمۈپ، ئۇستىگە كىگىز يېيىپ، كۆرپىلەرنى چىرايلىق سېلىپ، بۆرىنى تاماققا چاقىرىپتۇ.

—بۆرە تەقسىرىم، قوزامنى قاراقچىلار يەپ كېتىپتۇ. سىز بىلەن بىز ئۇزاقتىن بېرى ياخشى قوشنا بولۇپ ئۆتۈۋاتىمىز ... مەن قوزامغا بازاردىن ياخشى تائاملارنى ئېلىپ كەلگەنىدىم. ئۇنى ئەمدى ئۆزۈم يالغۇز يەپ بولالمايمەن. شۇڭا سىزنى بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يەيلى دەپ چاقىردىم. ئەمدى ماڭا ياردەم قىلىپ قوزامنى يەپ كەتكەنلەردىن قىساس ئېلىپ بەرگەن بولسىڭىز ...

ئېسىل تائاملارنى كۆرۈپ نەپسى تاقىلداپ كەتكەن ئاچكۆز بۆرە «چىقمىسىز كەلگەن رىسقنى يەۋەرمەيمەنمۇ؟» دېگەن خىيالدا «دۈشمەنلىرىڭىزدىن ئۆچىڭىزنى چوقۇم ئېلىپ بېرىمەن» دەپ داستىخانغا كەپتۇ. موماي:

—يۇقىرى ئۆتسىلە تەقسىر، يۇقىرى ئۆتسىلە،—دەپ بۆرىنى تۆرگە باشلاپتۇ. بۆرە ئۇزۇن تىللىرىنى چىقىرىپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، كالپۇكلىرىنى يالاپ موماي يېلىنغان تۆرگە چىقىپتۇ ۋە ھالال ئۆتمەيلا ھىلىقى ئورىغا موللاق ئېتىپ، گۈركىرەپ تۇرغان قوقاسنىڭ ئۇستىگە چۈشۈپتۇ.

—ۋاي بېشىم، ۋاي پۇتۇم!—دەپ ۋارقىراپتۇ بۆرە.

—ھە، قوزامنىڭ بېشىمۇ، پۇتىمۇ شۇنداق ئاغرىغان بولغىيتتى؟—دەپتۇ موماي.

—ۋاي، قورسىقىم،—دەپ جان ئاچچىقىدا ۋارقىراپتۇ بۆرە.

—مېنىڭ قوزامنىڭ قورسىقىمۇ شۇنداق ئاغرىغان بولغىيتتى،—دەپتۇ موماي.

ئاچكۆز بۆرە قوقاسقا دۆملىنىپ ئۆلۈپتۇ. موماي «دوۋ ـ دوۋ قوزىسى»نىڭ ئۆچىنى ئەنە شۇنداق ئاپتۇ.

## سۇلايماننىڭ ئۈچ يىلى

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام دەۋران سۈرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرى ئۆلۈم يادىغا كېلىپ ۋەزىر ـ ۋۇزرا، قازى ـ

قوزاتلىرىنى يېنىغا چاقىرىپ شۇنداق خىتاب قىپتۇ:

ــ ماڭا ئۆلمەسلىكنىڭ سۈيى «ئابىھايات»نى تېپىپ كېلىڭلار.

ئۆلىمالار ئۈچ كۈن مۆھلەت سوراپتۇ، ئۈچ كۈندىن كېيىن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى تەلەپنى يەنە تەكرارلاپتۇ. تەقۋادارلاردىن بىرى:

ــ تەقسىر، مەن بىر نەرسىنى ئويلاپ كەلدىم، ئەگەر ئىجازەت بەرسىلە ئوتتۇرىغا قويسام ــ دەپتۇ.

ــ مەرھەمەت ــ دەپتۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالام.

ــ ھەق سۇبھانىكە ئاللا ــ دەپتۇ تەقۋادار ــ سىزگە كېرەك بولغان ئۆلمەسلىك سۈيىنى ئاللاتائالا ئاسماندىن زېمىنغا چۈشۈرگەن بولسا، ئىنشائاللا بۇنى چوقۇم تاپىمىز، لېكىن ئاقىللار «بۆككە لايىق باش بولۇش كېرەك» دېگەنىكەن. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ھاياتنىڭ سەلتەنەتلىك كۈنلىرىنى تېتىپ كەلدىلە، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، ئۆمۈرلىرىنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئۈچ يىل تەمىنى تېتىپ باققان بولسىلا؟ يەنى بىرىنچى يىلى ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن، ئىككىنچى يىلى ئوتتۇرا ياشلار بىلەن، ئۈچىنچى يىلى سەبىيلەر بىلەن بىرگە مەشرەپ ئويناپ تەجرىبە ھاسىل قىلسىلا، قېنى تەجرىبىلەرگە ئاساسەن ئىش قىلايلى ...

ــ ئاقىلدارلارنىڭ مەسلىھەتى دانادۇر ــ دەپ قوشۇلۇپتۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالام.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىرىنچى يىلنى تەڭتۇشلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپتۇ. ئوتتۇرا ياشلىقلار بىلەن ئۆتكۈزگەن يىلىدىكى تەسىراتى ئوتتۇراھال بوپتۇ. يەنى ياشلارنىڭ يېرىمى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىلەن بولسا، يېرىمى ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈل خۇشى بىلەن بوپتۇ. ئۈچىنچى يىلى سەبىيلەر بىلەن ياشىغان تۇرمۇشىدىن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام تولىمۇ خاۋاتىرلىنىپ قاپتۇ. توغرىسى ئۇ: «ئادەم ئارتۇق ياشاپ كەتسە، تەڭتۇشلىرىدىن ئايرىلىپ، خارلىنىپ قالىدىكەن» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، «ئابىھايات»نى تېپىش ئىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇشۈكۈر ئىمىن باھاۋۇدۇن تارىخ

تەييارلىغۇچى: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم («ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# پاراڭ ئاستىدىكى پاراڭلار

يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

## ئېشەك

ئۇستاز شاگىرتقا ئۆگەتتى، شاگىرت ئۆگەنمىدى، يەنە ئۆگەتتى، ئۆگەنمىدى. يەنە ئۆگەتتى، ئۆگەنمىدى.

ــ ۋۇ ئېشەك! ــ دەپ سۆكتى ئۇستاز شاگىرتنى.

شۇنىڭ بىلەن شاگىرت ئۇستازىدىن يامانلاپ كەتتى، ئىككىنچىلەپ كەلمىدى. كېيىن ئۇ بىر ئۆمۈر ساياق ـ سالتاڭ ياشاپ ئۆتتى.

تەخەي ئانىسى بىلەن بىرگە ئېگىزلىققا ئوتلىغىلى چىقتى. ئۇ خۇشاللىقىدىن ھەر تەرەپكە چاپتى، بىردەم ئۇ ياققا، بىردەم بۇياققا، ھەر نەرسىگە يېڭىچە كۆز بىلەن باقتى، كۆڭلى تولدى شادلىققا. ئېشەك بىردەم ـ بىردەم بېشىنى كۆتۈرۈپ بالىسىغا قاراپ: «بالام: بەك يىراقلاپ كەتمە»، دېگەندەك پۇرقۇپ ـ پۇشقۇرۇپ قويار ئىدى.

بىر چاغدا تەخەينىڭ كۆزى قىردا قوزۇققا باغلاپ قويۇلغان خېچىرغا چۈشتى. ئۇ خېچىرنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇمشۇقىنى ھىدلىدى. خېچىرنىڭ شۇئان خېچىرلىقى تۇتتى ـ دە، ئۇنىڭ بوينىنى كاپ قىلىپ چىشلىۋالدى. تەخەي «ئىڭ ـ ئىڭ» قىلغىنىچە يۈگۈرۈپ ئانىسىنىڭ يېنىغا يېنىپ كەلدى، ئېشەك بالىسىنىڭ قان ئېقىپ تۇرغان يارىسىنى يالاپ ـ يالاپ قاننى توختاتتى ۋە تۇمشۇقىنى بالىسىنىڭ تۇمشۇقىغا يېقىپ ئۆز تىلىدا بىر نېمىلەر دېدى، تەخەيمۇ ئانىسىنىڭ سۆزلىرىنى ماقۇللىغاندەك بېشىنى سىلكىپ ـ سىلكىپ، ئانىسىغا سۈۋاشتى.

شۇنىڭدىن بېرى تەخەي بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەردە يۈرمەيدىغان بولدى ۋە بىر ئۆمۈر تۈزۈككىنە ياشىدى.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى






مەرھۇم شائىر، يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئىز» ناملىق تارىخىي رومانى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخىي رومانچىلىقىغا ئۇل سالغان ئەل سۆيگەن روماندۇر. مەزكۇر رومان نەشر قىلىنغاندىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ باھار ئەگىزىگە تەشنا قاغجىراق قەلبى بىر قېتىم قانغاندەك بولدى. ئۇلار روماندىن ئۆز تىلىدىكى گۈزەللىك، كامالەتنى ھېس قىلدى؛ ئۇلار روماندىكى گۈزەل ئۆرپ - ئادەتلەر، يېقىملىق خەلق قوشاقلىرى، تەمسىل - ئۆگۈتلەردىن ھوزۇرلاندى.

ۋەھالەنكى، خەلقىمىز قەلبىنى زىلزىلىگە سېلىپ تىراژىنىڭ كۆپلۈكىدە چېمپىيونلۇقنى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتقان ئۇشبۇ ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى كۆپىنچە ھاللاردا ئەجدادلارنىڭ كۈرەش ئىزلىرىنى يورۇتقانلىقىغا باغلاپ ئىزاھلاندى. مەدھىيە كۆپ، دەلىل يۈزە بولدى. ئەسەردە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئىزلىرىدىكى ئىزچىللىق، خاسلىق، قەدىمىلىك يېتەرلىك شەرھىنى تاپالمىدى. ئەمەلىيەتتە مەلۇم مىللەت ئەدەبىياتىنى باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن پەرقلەندۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل مەزكۇر مىللەت ئەدەبىياتىدا مىللىي مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتكەنلىكىدۇر. مىسالىكى، چىڭغىز ئايتماتوف، مۇختار ئەزىزوف، گارسىيا ماركۇز قاتارلىق ئەدەبىيات پېشۋالىرى ئۆز مىللىتى، ئۆز رايونى مەدەنىيىتىنى زامانىۋى تەپەككۇر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ كۆزەتكەن، تەتقىق قىلغان ۋە قازغانلاردۇر. مەن ئۇشبۇ ماقالەمنى «ئىز» رومانىدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرىغا بېغىشلايمەن.

قومۇل تارىختا ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىز ئەزەلدىن ياشاپ ئاۋۇغان ماكانلارنىڭ بىرى بولمىش ئۆزىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى تىل ئامىللىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، قوشاق - بېيىتلىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە. قومۇل ئۇيغۇرلىرى تا بۈگۈنگە قەدەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەپ تەۋەرۈك سۈپىتىدە پەرۋىشلىمەكتە، رومان دەل مۇشۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كونكرېتلاشتۇرغاندا، تاغ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ماتېرىيال قىلغان. روماندا قومۇل تاغ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىنىش، تاماقلىنىش، ئىسسىنىش، توي، ئىسىم قويۇش قاتارلىق ئۆرپ - ئادەتلىرى، يەرلىك ماقال - تەمسىل، قوشاق - بېيىتلىرى مۇ-

ئاسۋەتلىك بابلاردا جايىدا ئىپادىلەنگەن، بۇ ئەسەرنىڭ مەدەنىيەت چىنلىقىنى كۈچەيتكەن، مەدەنىيەت قاتلىمىنى روشەنلەشتۈرگەن.

1. ئەسەردە تاغ ئۇيغۇرلىرىغا خاس ئوخشىتىش، ماقال ـ تەمسىل ۋە قوشاقلار جايىدا قىستۇرۇلغان.

① ئوخشىتىشلاردا قومۇلنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ۋە ئېگىلىك شەكلى ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن: «قىزنىڭ مۈشتەك بېشىغا تاغدەك ئېغىر كۈنلەرنى سالغىنىنى كۆرمەمدىغان»، «بۇ قىزنىڭ تاغدەك ئىـگـىـسـى بـار»، «قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىشى بىلەن باللارمۇ تـىـنـجـىـپ چوكىلارنىڭ يانلىرىغا بوتىلاقتەك چۆكۈشتى»، «قارىغايدىنىڭ يىلىمىدەك چاپلاشماق»، «ئەگەر تۆمۈر ئاكام باش بولمىغان بولسا بىز تۆگىنىڭ مايىقىدەك چېچىلىپ كەتمەسمىدۇق» قاتارلىق مىساللاردىكى ئوخشىتىشلار ئەسەر تىلىنى قويۇق يەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلغان، ھەممىزگە مەلۇمكى، دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنغان رايوندىكى ئۇيغۇرلاردا يۇقىرىقى ئوخشىتىشلار كەم ئۇچرايدۇ. ئۇچرىسىمۇ شارائىتقا ماسلىرى ئىشلىتىلىدۇ. مەسـىـلـەن، «تۆگە مايىقىدەك چېچىلماق» دېگەن ئـوخـشـىـتـىـش «قۇمدەك چېچىلماق» دەپ ئىپادىلىنىدۇ.

② ئەسەردە بارلىق ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان ماقاللاردىن باشقا ئاز قوللىنىلىدىغان ۋە قوللىنىلمايدىغانلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «ئىتتىن بولغان قۇربانلىققا يارىماپتۇ»، «قوغۇننىڭ ئىچىدىن ئادىـغـىـنـى يامان»، «ئەقلى ھوشى بولمىسا، گۈلدەك جۇۋان ئىتقا يالاق»، «ئۆي ئۆلتۈرگەن پالتا مۇجۇقتا قاپتۇ»، «خۇدا ساقلىغاننى بۆرە يېمەس، يەي دېسىمۇ چىشى ئۆتمەس» قاتارلىق ماقال ـ تەمسىللەردە يەرلىك خۇسۇسىيەت كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ بۇلاردىن «ئىتتىن بولغان قۇربانلىققا يارىماپتۇ»، «ئۆي ئۆلتۈرگەن پالتا مۇرجۇقـتـا قاپتۇ» دېگەن ماقاللار قومۇلدىن باشقا جايىدا قوللىنىلمايدۇ.

③ روماندىكى قوشاقلاردا قومۇل تاغ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇشى روشەن ئەكس ئەتكەن. قوشاقلاردىكى تىل ۋە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرمۇ قـويـۇق يەرلىك پۇراققا ئىگە. مەسىلەن:

دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەردىم ئىچىمدە بىر تۇلۇم.
... ... ...
يامغۇر ياغىلاق،
ئۆچكە ساغىلاق،
ئاسماندىكى موملارنىڭ ئەمچەكلىرى دوملاق.
يامغۇر ياغىلاق، ئۆچكە ساغىلاق،
ئاسماندىكى موملارغا پىشلاق بىلەن ياغ قايماق.

قازنىم قازنىم قاينايدۇ،
ئاپام ماڭا بەرمەيدۇ.
قازاندا گۆش، تاۋاقتا تۆش،
مۈشۈكۈم ئۇنى مارايدۇ.

قاتار ـ قاتار كۆرۈنگەنلەر،
كارىز دارىخى،
... ... ...
بازارلاردىن ئات ئالدۇق،
ساغرىسى ئالا.
يۇقىرىقى مەلىدىن قىز ئالدۇق،
ئالتۇندەك بالا.

بىرى لەنخار، بىرى مىخار،
قاملىشىپ قالار.
قوچۇرانىڭ ① يىلىمىدەك
چاپلىشىپ قالار.

2. روماندا قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇۋچـىـلـىـق ۋە چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا خاس بۇيۇملار ۋە ئادەتلەر لايىقىدا بايان قىلىنغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ مەدەنىيەت ئۆزگىچىلىكىنى بېيىتقان، ئەسەردىكى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى كونكرېتلاشتۇرغان. ئوۋچىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىگىلىك شەكلى، قومۇل تاغ ئۇيغـۇرلـىـرى

① قوچۇرا ــ قارىغاي.

خەلقىمىزنىڭ ئۇۋچىلىق تۇرمۇشى دەۋرىدىكى بىر قىسىم
تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ساقلاپ قالغان. مەسىلەن: غاڭ-
جۇغا، بوكتۇرمە، چايجوش (چاي ئىچىدىغان تېرە ئەس-
ۋاب)، ياغاچ چوچەك، تېرە خۇرجۇن، دوشالقىلىق مىل-
تىق (دوشالقىسى يەنى شىرىقى ئىرغايدىن ياسىلىدىغان
مىلتىق)، بۇلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇۋچىلىق مەدە-
نىيىتىنىڭ ساقىندىلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز، روماندا تەس-
ۋىرلەنگەن تۇرالغۇلاردىن چارۋىچى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالا-
ھىدىلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: «... بۇ تاملىرى
تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ئاددىيغىنە ئۆي ئىدى. ئۆينىڭ
ئالدىدىكى بىر كىگىز ئۆي ...». ئەسەردىكى مېھمان
كۈتۈش ئادىتى ۋە ئۇزۇۋېلىنىش ئادىتىمۇ دەل چارۋىچى
ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئىپادىسى. مەسىلەن:
«ئۇلار مېھماننى تۆرگە باشلاپ ئاۋۋال قايماقلىق چاي
كەلتۈرىدۇ، ئاندىن ياپما (بىر خىل گۆشلۈك تاماق)
كەلتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك يېمەكلىكلىرى: كۆجە،
پىشلاق، سېرىق ياغ، چوۋات...».

ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدىمۇ
قويۇق يەرلىك خۇسۇسىيەت ئەكس ئەتكەن، مەسىلەن:
«قارا يىلپىز ئامانقۇلنىڭ تېرە شالۋۇرىنى پۇراشقا باش-
لىدى»، «بېشىدىن كىگىز قالپىقنى ئالغاندا»، «قارا
دۇردۇندىن تون كىيىپ بېشىغا شايىدىن لېچەك سېلى-
ۋالغان»، «بېشىغا دۇخاۋا جىيەكلىك دۇخاۋا دوپپا كىي-
گەن، قۇلاقلىرىدىكى سۆكىلەر چاقناپ تۇراتتى»، ئە-
سەردە يەنە پېرسوناژلارنىڭ كۈندىلىك پائالىيەتلىرىگىمۇ
قويۇق يەرلىك تۈس بېرىلگەن. مەسىلەن: «ئۆچكە تە-
ۋىتىدىن يىپ ئېگىرىپ ...»، «سېغىن قىلىپ، قۇرۇت
قۇرۇتۇپ» قاتارلىقلار.

3. روماندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بېشارەتلىك
قاراشلىرى، توتېم قاراشلىرى، تەبىئەتكە چوقۇنۇشى،
سوۋغا ـ سالام ئادەتلىرى، ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى ۋە
ئۇرۇش تەييارلىقى ھەم ماھارەتلىرى قاتارلىقلار ھەققى-
دىمۇ بايانلار بېرىلگەن. مەسىلەن: «بۇ بالىنى خۇدا
يولىدا نىياز قىلىۋەتسەك تۇرۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس!
دەپ قىرىق چىچى چۈشۈرۈلىدىغان چاغدا ئۇنىڭ دوققە-
سىدىن ئالمىدەك يەرنى قالدۇرۇپ قويىدى»، «... بىر
تال نىياز چېچىنى گەجگىسىدە پۆلەكلىتىپ شوخلۇق قى-
لىۋاتقان ...» دېگەن قۇرلاردىن بىز ئۇيغۇرلاردا ئەگەر
بىر كىشىنىڭ ئوغلى تۇرمىغان بولسا، يېڭىدىن تۇغۇلغان
ئوغلىنىڭ قىرىق چېچىنى ئالدۇرىدىغان چاغدا، بېشىنىڭ
ئۇڭ دوققىسىدىن بىر تۇتام چاچنى قالدۇرۇپ قويىدى-
غانلىقى، بۇنىڭ نىياز قىلىش دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، قال-
دۇرۇلغان چاچنىڭ «نىياز چاچ» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى
بىلىۋالالايمىز، ئەسەردىكى «گۆل بار يەردە تىكەن بار،
زەر بار يەردە يىلان بار» دېگەن ماقال ـ تەمسىلدىن
ئۇيغۇرلاردا «ئالتۇننى يىلان قوغداپ تۇرارمىش ياكى
غايىب خەزىنىگە يىلان ھامىيلىق قىلارمىش» دېگەن
بېشارەتلىك قارىشىنى بىلىۋالىمىز.

تۆمۈر خەلپە مىنگەن ئاتنىڭ دەسلەپتە ئاق بوز
ئات، كېيىن كۆك بوز ئات دەپ تەسۋىرلىنىشىمۇ تاسا-
دىپي ئەمەس، بەلكى خەلقىمىزنىڭ ئات توتېمى بىلەن
مۇناسىۋەتلىك، چۈنكى ئۇيغۇرلاردىكى ئات توتېمى مانى
دىنىدىكى ئاق رەڭنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن بىرىكىپ،
خەلقىمىزدە ئاق بوز ئات توتېمى ئومۇملاشقان (بوز ـ
بۆرە، ئاق مەنىسىدە) ئەسەردىكى بوزئات دەل خەلقىمىز
توتېم ئېتىقادىدىكى ئوغۇزخان مىنگەن بوز ئاتنىڭ مۇ-
ئەللىپ قەلىمى ئاستىدىكى يالدامىسى.

«قارىغاي تۈۋىدىن بىر سىقىم توپا ئېلىپ يارىسىغا
بېسىپ قويىدى» دېگەن قۇرلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىننى
مۇقەددەس بىلىش قارىشى ئىپادىلەنگەن (ئۇيغۇرلاردا
توپىنى كاپ ئېتىپ قەسەم قىلىدىغان ئادەتمۇ بار. نۇر
رۇزىنىڭ «قىساس» ناملىق ھېكايىسىگە قاراڭ).

«ئامانقۇل پىچاقنى لەۋلىرىگە تەگكۈزۈپ ...» دې-
گەن قۇردىن ۋە تۆمۈر خەلپىنىڭ لى شۇفۇدىن قۇر-
ئاننى بىسمىللا ئېيتىپ لەۋلىرىگە تەگكۈزۈپ، كۆزىگە
سۈرۈپ ئىككى قوللاپ ئېلىشىدىن قىممەتلىك ئۇچۇر-
لارغا ئېرىشىمىز. مانا بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋغا قوبۇل
قىلىش ئادىتى ھەققىدىكى قىممەتلىك بايانلاردۇر.

روماندا ئەينى دەۋردىكى بەيگە (بەيگە ئاتلىرىنىڭ
بېشىغا قىزىل شەلپەردىن تۈگۈلگەن تورلار باغلىنىدۇ)

قارغا ئېتىش، چېلىشىش دېگەندەك ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرىمۇ قىستۇرما قىلىنغان؛ روماندا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى جەڭ ئادەتلىرىمۇ تەسۋىرلەنگەن. مەسىلەن: «مانا مېنىڭ ئاخىرەتلىكىممۇ تەييار، تۆمۈر خەلپە قوينىدىن بىر پارچە ئاق خەسنى چىقىرىپ، سول بىلىكىگە باغلىدى. ئاندىن توپقا قاراپ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ مېنىڭ كېپەنلىكىم بولسۇن، ئەجىلىم يېتىپ شېھىت بولسام مېنى قايتىدىن كېپەنلىمەڭلار، قانلىق تونۇم بىلەن كۆمۈۋېتىڭلار ... سەپەرقۇل بىر تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تاغاردىن بىر نەچچە توپ ئاق خەسە چىقاردى ۋە «شېھىتلىك مۇقامىغا يېتىشنى خالايدىغان يىگىتلەر قېنى كېلىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. قېرىنداشلار! — دەپ دۇئاغا قولنى كۆتۈردى تۆمۈر خەلپە توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، — خۇدا بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن! — دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى».

4. روماندا بەزمە ـ مەشرەپ ۋە ئۆلۈم ـ يېتىم سورۇنلىرى ۋە بۇنداق سورۇنلاردا ئېيتىلىدىغان قوشاق ـ بېيىتلاردىن نەمۇنىلەر بېرىلگەن بولۇپ، بىزنى قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزگىچە مەشرەپ، توي مەدەنىيىتىدىن ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. ئاپتور يەنە ئەسەرنىڭ مۇناسىپ بۆلەكلىرىدە قومۇلنىڭ ئۆزىگە خاس مۇھەببەت ۋە ئۇرۇش قوشاقلىرىدىن ئۈلگىلەرنى بەرگەن بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى قومۇلنىڭ ئۆزىگە خاس ئەل ئەدەبىياتىدىن بەھرىمەن قىلغان.

ئەسەردە مۇئەللىپ ئوقۇرمەنلەرنى گاھ جەڭ مەيدانلىرىدا ئەرك جەڭچىلىرىگە ھەمدەم قىلسا؛ گاھ مەشرەپ سورۇنلىرىدا قىز ـ چوكانلارنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىگە چۆمۈلدۈرۈپ مۇھەببەت ئەۋجىدە شادلاندۇرىدۇ؛ گاھ يۈرەكنى سۇ قىلىدىغان ھازا قوشاقلىرى بىلەن دىلنى ئەزسە، گاھ پىداكارانە روھ كۈيلەنگەن قوشاقلار بىلەن قانلارنى ئوقچۇتىدۇ ۋە گاھى سۆيگۈ ھەققىدە تاتلىق خىياللارغا بەند قىلىدۇ. قېنى ئەسەرگە «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز»دەك ياراشقان تۆۋەندىكى توي ئادىتىگە قاراپ باقايلى، «كەچقۇرۇن توي باشلاندى. ئۇ چاغلاردا ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان قائىدە بويىچە قومۇل ئۇيغۇرلىرىدا مۇنداق توي بولاتتى: ئوتتۇراھال ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىككى تەرەپ ماقۇللاشقاندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ تويلۇققا توققۇز كىيىملىك رەخت، توققۇز تۇياق قوي، توققۇز كۆرە بۇغداي، توققۇز شىلىڭ گۈرۈچ، توققۇز جىڭ ياغ، توققۇز شىرە مېۋە ـ چېۋە ۋە يېتەرلىك ئوتۇن، كۆمۈر، تۇز، چاي قاتارلىق نەرسىلەرنى ھارۋىغا سېلىپ، قىز تەرەپكە داغدۇغا بىلەن ئاپىرىپ بېرەتتى. توينىڭ بىرىنچى كۈنى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مېھمانلىرى قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە چاقىرىلاتتى. بۇ «باش توي» دەپ ئاتىلاتتى. شۇ كۈنى سۇلتان يىگىت ئۆزىنىڭ قولداشلىرى بىلەن نىكاھىغا كېلەتتى. قىزنىڭ مەھەللىسىدىكى يىگىتلەر «قىز كۆركى» قىلىمىز، دەپ دەرۋازىنى تۆمۈر ھارۋىنىڭ چاقى بىلەن توسۇپ ئالاتتى. يىگىت تەرەپتىن كەلگەنلەر شۇ چاقنى كۆچەپ ئېلىشى لازىم ئىدى. ئاللىمسا قىز تەرەپتىكى يىگىتلەر «ئاللىمغانلار» دەپ چۇقان كۆتۈرۈپ ئۇلارنى مەسخىرە قىلاتتى، شۇڭا ئادەتتە يىگىت تەرەپتىنمۇ خېلى ساندا ئادەم كېلەتتى، نىكاھتىن كېيىن، بۇ چاقنى يىگىت تەرەپ ئېلىپ كېتىپ، ئارغامچا بىلەن ئېگىز دەرەخ بېشىغا ئېلىپ قوياتتى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن قىز تەرەپ كېلىپ قايتۇرۇپ كېتەتتى. نىكاھ ئاساسلىق كۆپچىلىك جايلاشقان ئۆيدە، جامائەت ئالدىدا ئوقۇلاتتى، نىكاھ ئوقۇلىدىغان چاغدا سۇلتان يىگىت تۆت ـ بەش ھەمراھى بىلەن شۇ ئۆيگە كىرەتتى. نىكاھتىن كېيىن يىگىتكە بىر قۇر كىيىم ياكى كىيىملىك رەخت قويۇلاتتى، بۇ «كۆيۈلۈك» دەپ ئاتىلاتتى، يىگىتلەر نىكاھتىن قايتقاندىن كېيىن، ئۇلارنى يىگىتنىڭ تۇغقانلىرى ياكى ئاغىنىلىرىدىن بىرەرسى ئۆز ئۆيىدە ئايرىم ئولتۇرغۇزۇپ بېرەتتى، بۇ «چاچ چۇشۇرگە» دەپ ئاتىلاتتى. يىگىتلەر كۈن بويى ئويۇن ـ تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇش ئاياغلاشقاندا ئۆي ئىگىسى سۇلتان يىگىتكە بىر قۇر كىيىم ياكى كىيىملىك رەخت قوياتتى، كەچ كىرگەندە توي مەشرىپى باشلىناتتى، ئەمما مەشرەپ باشلاشتىن بۇرۇن پاششاپ بەگكە بىر كىيىملىك رەخت،

بىر قوي ۋە بىرمۇنچە مېۋە ـ چېۋە تەقدىم قىلىش شەرت ئىدى. بۇ «پاششاپلىق» دەپ ئاتىلاتتى، ئەگەر پاششاپلىق بېرىلمىسە، ئۇلارنى يېرىم كېچىگىچە مەشرەپ باشلاتقۇزماي، خۇپتەندىن كېيىن ھەممەيلەننى تارقىتىۋېتەتتى، ئۇنىمىغانلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋالاتتى ـ دە، ئەتىسى ھەر بىرىگە بەش شىلىڭ بۇغداي جەرىمانە قويۇپ ئاندىن كىيىمنى قايتۇرۇپ بېرەتتى. شۇ كۈنى يىگىت تەرەپتىن ئون نەچچە ئايال بىلەن ئون نەچچە ئەر كىشى قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن قىز تەرەپكە توققۇز قېتىم تەزىمگە باراتتى، توققۇزىنچى قېتىمقى تەزىمدىن كېيىنلا قىزنى ھارۋا ياكى مەپە بىلەن كۆچۈرۈپ ماڭاتتى، قىزنىڭ مەھەللىسىدىكى يىگىتلەر بىر قانچە يەردە ئارغامچا تۇتۇپ يول توسۇيتتى. يىگىت تەرەپتىن توققۇز غېرىچ كېلىدىغان بىر ئەركەك قوي بەرگەندىلا، يولنى ئېچىپ بېرەتتى. بۇ ئەركەك قوينى يول توسقان يىگىتلەر ئۆزلىرى سويۇپ يەيتتى، قىز كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن يىگىتلەر قىزنى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۈچ يەرگە يېقىلغان ئوتنىڭ ئۈستىدىن توققۇز قېتىم چۆرگىلىتىپ ئاندىن ھۇجرىغا ئېلىپ كىرىشەتتى.

تويىنىڭ ئىككىنچى كۈنى يىگىت تەرەپ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئائىلىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى، ئەلە ـ مەھەللىسىنى تويغا چاقىراتتى. بۇ «يۈز ئاچقۇ» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ كۈنى قىز تەرەپ سويۇلغان قوينىڭ ئۆپكىسىدىن ئىككىنى قويۇپ، ئىسسىق پېتى ئېلىپ كېلەتتى. ئارىلىق يىراق بولۇپ سوۋۇپ قالغان بولسا، قايتىدىن ئىسسىتىپ يىگىت بىلەن قىزنىڭ بېشىنى جۈپلەپ ئۇنىڭ ھورىغا تۇتاتتى. بۇنىڭدىن مەقسەت، بۇ ئىككى ياشنىڭ ئۆمۈرلۈك بولۇپ كېتىشىنى تىلەش ئىدى، ئەر مېھمانلار يانغاندىن كېيىن، يۈزىگە چۈمپەردە سېلىنغان قىزنى ئايال مېھمانلارنىڭ قېشىغا ئېلىپ چىقاتتى. قىزنىڭ ئانىسى ئۆز قىزىنى، ئوغۇلنىڭ ئانىسى ئۆز ئوغلىنى تەرىپلەپ بېيت ئېيتىشاتتى، قىز تەرەپتىن ئېيتىلغان بېيت مۇنداق ئىدى:

ئاققىنە ياغلىق ئىچىدە
بىر تۈگۈن گۈل ساقلىدىم.
گۈلنى ئېلىپ باشىمغا
تاج قىلىپ سانجىدىم.
ئەل ـ خالايىق تولا كەلدى،
ھېچ كىشىگە باقمىدىم.
شۇنچە خەقلەر ئىچىدە
ئۆزلىرىگە ساقلىدىم.
بالا قىلسىلا ئايدەككىنە،
بويى قىرچىن تالدەككىنە،
كىشى كۆرسە گۈلدەككىنە،
خىزمەت قىلار ئەردەككىنە.

ئوغۇل تەرەپتىن مۇنداق بېيت ئېيتىلاتتى:

بىزمۇ ئوغۇل چوڭ قىلدۇق موللا ئالىم،
جېنىم بالام تولۇن ئايىم.
كېچە ـ كۈندۈز تىلىۋېدۇق،
ئەمدى بەردى خۇدايىم.

بازارلاردىن ئات ئالدۇق،
ساغرىسى ئالا.
يۇقىرى مەھەللىدىن قىز ئالدۇق،
ئالتۇندەك بالا.
بىرى لەنخار، بىرى مخار قاملىشىپ قالار،
قوچۇرىنىڭ يىلىمدەك چاپلىشىپ قالار.

شۇنىڭدىن كېيىن خالىسىلاردىن بىرەيلەن مۇنداق بېيىت ئېيتاتتى:

تاغدىن چۈشتى تاش بېلىق،
سۇدىن چىقتى ئاي بېلىق.
بىر ـ بىرىگە خوپ لايىق،
نەدىن چىقتى بۇ لايىق.
ھەيران قالار خالايىق.

ئاندىن يەڭگە ئايالالار قىزغىن كۈلكە ۋە ئويۇن چاقچاقلار بىلەن، قىزنىڭ يۈزىدىن پۈركەنجىنى ئالاتتى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ يۈزى ئېچىلغان بولاتتى. بۇ چاغدا يىگىت ئائىلىسى قىزغا كىيىم ـ كېچەك ياكى كىيىملىك رەخت ياكى زىبۇزىننەتلەرنى تەقدىم قىلاتتى. چوڭ ياشلىق ئايالالاردىن بىر ـ ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، تويىنى مۇبارەكلەپ بېيت ئېيتاتتى، قالغانلارمۇ ھەر بىر مىسرا-

نىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى تەكرارلىشىپ بېرەتتى:

ئەتىگەن قوپار بولغاي،
تۈنۈگ ئاچار بولغاي.
توققۇز ئوغۇللۇق، بىر قىزلىق بولغاي،
قوتاندا قويلۇق بولغاي،
ئېغىلدا كالىلىق بولغاي.
ئۈچى ئۇزارغاي، تۆۋى يېيىلغاي،
قۇدۇقتا تاش چۈشكەندەك بولغاي.
قوچۇرا يىلىمدەك يېپىشقاي،
خۇدايىم مارەك قىلغاي.

تويىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى قىز تەرەپ يىگىت تەرەپنى ۋە ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىنى چايغا چاقىراتتى، بۇ، «چىللاشقا» دەپ ئاتىلاتتى. توققۇزىنچى كۈنى قىز تەرەپ يىگىت بىلەن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىلا تويغا ئېيتاتتى. بۇنىڭدىن مەقسەت، كۈيئوغۇل ۋە قۇدىلار بىلەن ئوبدانراق تونۇشۇش ئىدى». يۇقىرىقى توي ئادىتىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۈچنى مۇقەددەس بىلىش، توققۇزنى مۇقەددەس بىلىش قاراشلىرىنى، ئاق رەڭگە، ئوتقا تېۋىنىشتەك مانى دىنى ۋە تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىغا مەنسۇپ ئادەتلىرىنى ۋە چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا خاس بايلىق ۋە ئائىلە قاراشلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز.

روماندا مەشرەپلەر مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «سورۇن هازىرلانغاندىن كېيىن قىز ـ ئوغۇل، ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ، ئارىدىن بىرەيلەن (ئەر) تۇرۇپ، ئىككى پىيالە ئوتتۇرىسىغا بىر تال شام يېقىلغان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ، سورۇننى بىر ئايلىنىپ خالىغان بىر قىزنىڭ ئالدىغا بارىدۇ ـ دە، بېيىت بىلەن چاي تۇتىدۇ:

پوتا سالدىم ئۆزلەگە،
قاراپ قويسىلا بىزلەگە.

قىز پەتنۇسنى ئالماي تۇرۇپ، جاۋابەن مۇنداق بېيىت ئېيتىدۇ:

گۈللا بولسا گۈل ئەمەس،
گۈلنىڭ قېتى بولمىسا.
پوتا سالسا هېسابمۇ،
قوشما بېيىتى بولمىسا.

يىگىت جاۋابەن مۇنداق بېيىت ئوقۇيدۇ:

كۆككىنە كەپتەر ئەمەسمەن،
كۈندە ـ كۈندە كەلگىلى.
ئايدا ـ يىلدا بىر كېلەرمەن،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى،
چۈشتى چىنە پىيالىگە.
رەھىمىڭىز كەلمەيدىكەن،
بىز غېرىب بىچارىگە.

ئاندىن قىز پەتنۇسنى ئېلىپ، تەزىم قىلىپ، پەتنۇستىكى پىيالىنىڭ بىرىنى قولىغا ئالىدۇ، ئىككىنچىسىنى چاي تۇتقۇچى يىگىت ئېلىپ، ئىككىيلەن تەڭلا بىر يۇتۇمدىن ئىچىشكەندىن كېيىن، پەتنۇس قىزنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ، قىزمۇ ئوغۇلدەك سورۇننى بىر ئايلىنىپ، مەلۇم يىگىتكە بېيىت ئوقۇپ، پەتنۇس بىلەن چاي تۇتىدۇ». ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان شارائىتتا مۇنداق ئەر ـ ئايال، قىز ـ ئوغۇلنىڭ ئارىلاش ئولتۇرۇپ مەشرەپ ئوينىشىدىن قومۇلدا ئىسلام روھى بىلەن ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ تەبىئىي بىرىكىپ يەرلىك خاسلىققا ئىگە ئۇيغۇرچە ئىسلام مۇھىتى شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئەسەردىن كۆرۈۋىشىمىزچە، قومۇل ئۇيغۇرلىرىدا بۇددىزىم، مانى چۈشەنچىلىرى، تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ئادەتلىرى ۋە توتېم ئېتىقادىنىڭ ئىسلام يېپىنچىسى ئاستىدا ساقلىنىشى بىرقەدەر گەۋدىلىك. ئەل ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىدىن روماندا مۇنداق تەسىرلىك قوشاقلار بېرىلگەن:

جان بالام، جېنىم بالام،
چۆللەردە جان بەرگەن بالام.
ئۈن گۈلۈڭنىڭ بىرسىمۇ،
ئاچىلماي سولغان بالام.

يىگىرمىگە تولماي ياشىڭ،
نەلەردە قالغاندۇ باشىڭ.
يىغلاپ قالدى قېرىنداشىڭ،
ئارماندا قالدۇقمۇ بالام.

تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ،
زەپىراندەك سارغىيىپ.
يۈرەك ـ باغرىم ئېزىلىپ،
ھەسرەتتە قالدىمغۇ بالام.

بۇ ھازا قوشاقلىرى شەكىل جەھەتتىن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ھازا قوشاقلىرى بىلەن قاپىيە ۋە رىتىم جەھەتتە پۈتۈنلەي ئىزچىللىقنى ساقلىغان:

ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ،
ئىسسىز ئاچۇن قالدىمۇ.
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

روماندا سۆيگۈ تېمىپ تۇرىدىغان، كىشىنى مەست قىلىدىغان مۇنداق مۇھەببەت قوشاقلىرى بېرىلگەن:

قاتار ـ قاتار كۆرۈنگەنلەر
كارىز دارىخى.
بىزنىڭ يارنى كۆرسەتمىگەن
يولنىڭ يىرىقى.
قاتار ـ قاتار ئۇچقان تۇرنا
شارغا ① بارامسەن.
مەن يارىمغا خالتا بېرەي،
ئالغاچ كېتەمسەن.
ساماۋەرىم بولسىدى،
چايلىرى قايناپ تۇرسىدى.
بىر چىنە چايىنى ئىچكۈچە،
يارىم ئويناپ تۇرسىدى.

ئەسەردە يەنى مۇنداق جەڭ قوشاقلىرىمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر:

ساماۋەرنىڭ سازى مەن،
چۆلدە ئۇچقان غازى مەن.
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،
ئۆلگەنىمگە رازىمەن.

---
شار ـــ شەھەر

قاراڭغۇ تۈن، قارىياغاچ
مېنىڭ يولدىشىم،
شىلدىرلىسا يوپۇرماق
تۆكىلەر يېشىم.
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ
مەن ئۆلەر بولسام،
مەن غېرىبنى ياد ئېتەرمۇ
جان قېرىنداشىم.
ھاي ـ ھاي باتۇرلار،
ھوشيار بولۇڭلار.
دۈشمەنلەر يېتىپ كەلدى،
جەسۇر بولۇڭلار.

مەن ئۆلسەم ئۆلۈكۈمنى
تاغدا قويۇڭلار.
تاغ يولى يىراق كەلسە
باغدا قويۇڭلار.
يۈزۈمنى قىبلە سايان
ئاچىپ قويۇڭلار،
بېشىمغا بىر دەستە گۈل
سانجىپ قويۇڭلار.

تارىخىي رومان مەلۇم تارىخىي دەۋرنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى، مەلۇم خەلقنىڭ مەلۇم تارىخىي دەۋردىكى قەلب خاتىرىسى، شۇڭا تارىخىي رومانلاردا شۇ دەۋردىكى خەلقنىڭ تارىخى يېزىلغاندىن باشقا تېخىمۇ مۇھىمى شۇ دەۋردىكى فولكلور مەدەنىيىتىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. تەسۋىرلەر ئەينى دەۋر ئالاھىدىلىكىگە، كىشىلەرنىڭ ياشاش شارائىتىغا، مەدەنىيەت پسىخكىسىغا ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. مەرھۇم ئەدىبىمىز يۇقىرىقى جەھەتلەردە يولنى تولىمۇ ئۇتۇقلۇق باسقان ۋە كېيىنكىلەرگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆلگە كۆرسىتىپ بەرگەن.

(ئاپتور: غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ مەدەنىيەت تارقىتىش ئىنستىتۇتىدىن)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن








MIRAS

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تائامى ـ تۇتماچ (چۆپ)نىڭ ئۆتمۈشى

ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

تۇتماچ (چۆپ) ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى مەشھۇر تائاملىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ يېيىشلىكلىكى، سىڭىشلىكلىكى، قۇۋۋەتلىكلىكى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ھەم يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىگە ماس كەلگەنلىكى بىلەن خەلقىمىز تۇرمۇشىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن.

تۇتماچ (چۆپ) قەدىمدە ياكى ھازىرقى دەۋردە بولسۇن، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاناتومىيىلىك تەلپىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى جەھەتتىكى تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشىدا، جۈملىدىن، بەدەن سۈپىتى، ئەقلىي ھەم جىسمانىي ئىقتىدارى، تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقى ھەم قەددى ـ قامىتىنىڭ يېتىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردە پائال رول ئويناپ كەلگەن.

مەلۇمكى، يېمەك ـ ئىچمەك ئىنسانلارنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئېھتىياجى، شۇنداقلا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. تارىختا ھەر بىر مىللەت ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمگىكى، تۇرمۇش شارائىتى، دىنىي ئېتىقادى ھەم ئەنئەنىۋى كۆز قارىشى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدە يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەجدادلىرىمىزنى مىسال ئالساق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش يولىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى جەريانىدا، تەبىئىي نەرسىلەرنى يىغىپ ئوزۇقلىنىشتەك ئىپتىدائىي ھالەتتىن تەدرىجىي ھالدا ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتىغا قەدەم قويۇپ، گۆش، سۈت قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىدىغان بولغان. كېيىنچە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئەجدادلىرىمىز ئوتتىن پايدىلىنىپ يېمەكلىكلەرنى پىشقىلاپ ئىشلەپ ئوزۇقلىنىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىشى، تېرىقچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى، ئوۋچىلىقتىن ھايۋان كۆندۈرۈشكە ئۆتۈشتىن باشلاپ نوقۇل گۆش ۋە سۈتتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن، ئۇنلۇق يېمەكلىكلەرنى

ئىستېمال قىلىشقا قاراپ تەرەققىي قىلغان. ئەجدادلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئىلى، جۇڭغار، تارىم بوستانلىقلىرىدىكى مۇھىتقا ئاساسەن، تۇراقلىق ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، دانلىق زىرائەت يېمەكلىكلىرىنى (يەنى ئۇنلۇق تاماقلارنى) ئىستېمال قىلىش ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتكەن. بۇنىڭدا بۇغداي، ئارپا، تېرىق قاتارلىقلار ئاساسىي خام ئەشيا قىلىنغان.

1959 ـ يىلى باركۆل ناھىيىسىنىڭ شىرىنزى يېزىسى تەۋەسىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە خاس قەدىمكى ئىزنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىدىن كۆمۈرگە ئايلانغان بۇغداي دانلىرى تېپىلدى ① . بۇ ئىزدىن تېپىلغان بۇغداي دانلىرى ھازىرغا قەدەر شىنجاڭدا تېپىلغان دانلىق زىرائەتلەر ئىچىدە ئەڭ قەدىمكىسى ھېسابلىنىدۇ.

1979 ـ يىلى ئارخېئولوگلار كۆنچى دەريا ساھىلىدىكى جايلاردىن 42 قەدىمكى قەبرىنى قازغان. بۇ قەبرىلەردىن جەسەتلەر بىلەن بىللە، كەندىر چىۋىقلىرى ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەردىن ناھايىتى زىچ توقۇلغان كىچىك سېۋەتلەرگە ئون نەچچە تالدىن يۈز نەچچە تالغىچە بۇغداي دانلىرى سېلىنغان. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ دەۋرى 3800 ـ 4000 يىللار ئارىلىقىدا، دەپ قارالغان ② .

1985 ـ يىلى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى چەرچەندىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقنى قازغاندا، بىر قەدىمكى قەبرىدىن تەبىئىي مومىياغا ئايلانغان بىر ئەر، بىر ئايالنىڭ جەستى تېپىلغان. بۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن قەبرە ئىچىگە ساپال قاچا، ئۇرچۇق، ياغاچ تاغاق، سۆڭەك قوشۇق، يۇلغۇن زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن پاقلان گۆشى كاۋىپى، تېرىق ئۇنىدا قىلىنغان توقاچ نان قاتارلىقلار قويۇلغان. ئارخېئولوگلار بۇ يادىكارلىقلارنى بۇنىڭدىن 3 مىڭ يىلدىن 6 مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگە خاس ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرغان ③ . ھازىرغىچە يۈرگۈزۈلگەن ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تەكشۈرۈشلەردە دىيارىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىنمۇ مۇشۇ خىلدىكى ئۇنلۇق يېمەك ـ ئىچمەككە دائىر يادىكارلىقلار خېلى كۆپ تېپىلدى ④ . يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئارخېئولوگىيىلىك ئىسپاتلارغا ئاساسەن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەجدادلىرىمىز ئەڭ كەم دېگەندىمۇ 4 مىڭ يىل ھەتتا ئۇنىڭدىن بۇرۇنلا ئۇنلۇق يېمەكلىكلەردىن نان يېقىپ، ئاش (چۆپ) ئېتىپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن.

مەلۇمكى، ئۆرپ ـ ئادەت، جۈملىدىن، يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى تارىخىيلىققا، ئەنئەنىۋىيلىككە، مىللىيلىككە ۋە ۋارىسچانلىققا ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇزۇقلىنىش ئادىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى ۋە ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىشىنىڭ مىللىي تۇرمۇشتا ئالاھىدە ئەھمىيىتى بار. بىز خۇددى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ناھايىتى قەدىمكى ئەنئەنىۋى يېمىكى بولغان تۇتماچ (چۆپ)نى ئىستېمال قىلىش ئادىتىنى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى ھادىسىسى دەپ قارىغىنىمىزدا، تۇتماچنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي يىلتىزغا، ئەنئەنىۋىيلىككە، ۋارىسچانلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدە مۇھىم ئورۇننى تۇتۇپ كەلگەن ئەنئەنىۋى تائامى بولغان تۇتماچ يەنى چۆپ ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۆزلىرىنىڭ شۇغۇللانغان ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى، تۇرمۇش شارائىتى، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئەنئەنىۋى كۆز قارىشى ھەم يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى ئاساسىدا ئۆز يېرىنىڭ ئەۋزەللىكىگە يارىشا شەكىللەندۈرگەن بىر خىل ئېسىل تائامى بولۇپ، ئۇ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئىستېمال قىلىش، ئىسلاھ قىلىش ھەم تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا داۋاملىشىپ تاكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ھەم نۇرغۇن تۈرلەرگە بۆلۈنگەن. مەسىلەن: نارىن چۆپ، قولداما، يىمىرما، ئۆكۈز تىلى چۆپ، قۇشقاچ تىلى چۆپ، ئاتۇش چۆپى، ياغلىما چۆپ، قايماق چۆپ قاتارلىقلار ئەنە شۇ قەدىمكى تۇتماچ (چۆپ)تىن تەرەققىي قىلىپ چىققان يېيىشلىك، سىڭىشلىك، قۇۋۋەتلىك چۆپلەر ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

يۇقىرىدا نامى ساناپ ئۆتۈلگەن خىلمۇ خىل چۆپلەرنىڭ ھەممىسى گەرچە قەدىمكى تۇتماچتىن يەنى بىر يىلتىزدىن تەرەققىي قىلىپ، شاخلاپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ خىلمۇ خىل مەزمۇن ۋە شەكىللەر بىلەن راۋاجلىنىپ كەلگەچكە، بۇ چۆپلەرنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇلى، تەمى، تەسىرى قاتارلىقلار ئۆزگىچە بولۇپ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

مەسىلەن: ئۇيغۇر خەلقى تۇرمۇشىدا ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدە ئۇزاق يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئۆكۈز تىلىنى مىسالغا ئالساق، ئۇ ئۇن، تۇخۇم، گۆش، سەۋزە، چامغۇر، پىياز، شوخلا، تۇز، پالەك، سامساق، يۇمغاقسۇت ۋە بىر قىسىم دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن تەييارلىنىدۇ. بۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ: ئاۋۋال قوۋۇرغا ياكى تۆش گۆشنى قاقتەك چوڭلۇقتا توغراپ سوغۇق سۇغا سېلىپ قاينىتىلىدۇ. قايناپ كۆپۈك چىققاندا، ئۇششاق توغرالغان پىيازنى سېلىپ گۆشنى يېرىم پىشۇرۇپ، ئادالاپ ـ يۇيۇلغان سەۋزە، چامغۇر، شوخلا قاتارلىقلار ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىپ توغراپ سېلىنىدۇ، ئاندىن سۇس ئوتتا چىم ـ چىم قاينىتىپ پىشۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇخۇم قويۇپ يۇغۇرۇلغان خېمىرغا ياخشى ئىشلەپ، پىلتە قىلىنىدۇ ھەم پىلتىنى ئۆكۈز تىلى شەكلىدە كېسىپ قايناۋاتقان شورپىغا سېلىنىدۇ. ئاندىن تۇز تەمىنى تەڭشەپ، پالەك، يۇمغاقسۇت قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ پىشۇرۇلىدۇ. ئاخىرىدا پىشقان گۆش، چۆپ، سەۋزە، چامغۇر قاتارلىقلار لەگەن ـ تاۋاقلارغا سۈزۈلۈپ داستىخانغا قويۇلىدۇ، شورپىسى ئايرىم كەلتۈرۈلىدۇ.

چۆپنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مۇنداق مەزمۇن بار:

تۇتماچ (tutmaq) چۆپ. تۈركلەرنىڭ ئاتاقلىق تاماقلىرىدىن بىرى. بۇ تاماق زۇلقەرنەيىن ۋاقتىدا پەيدا بولغانىكەن. ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق ئىكەن: زۇلقەرنەيىن قاراڭغۇلۇقتىن چىققاندا، ئەسكەرلىرىنىڭ ئوزۇقى تۈگەي دەپ قالغان، ئۇلار ئاچلىقتىن زۇلقەرنەيىنگە زارلىنىپ «بىزنى ئاچ قويما» دېگەن مەنىدە «بىزنى تۇتما ئاچ» دەپ خىتاب قىلغان ۋە «بىزنى قويۇۋەت، يۇرتىمىزغا كېتەيلى» دېگەن. زۇلقەرنەيىن دانىشمەنلەر بىلەن كېڭىشىپ، ئاخىرى مۇشۇ تاماقنى تاپقان. بۇ تاماق بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىپ، يۈزىنى قىزارتىدۇ ۋە قورساقتا ئۇزاق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى يەپ، شورپىسىنىمۇ ئىچىدۇ. تۈركلەر بۇ تاماقنى كۆرۈپ، ئۇنى ‹تۇتماچ› (tutmaq) دەپ ئاتىغان. بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى «تۇتما ئاچ» بولۇپ، ئىككى «1 ـ ئېلىف»نىڭ بىر قىلىپ ئوقۇلۇشى نەتىجىسىدە ‹تۇتماچ› بولۇپ قالغان. بۇنىڭ مەنىسى «ئۆزۈڭنى ئاچ تۇتما، مۇشۇ تاماقنى قىلىپ يە» دېمەكتۇر ⑤ .

دېمەك، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرى يۇقىرىدىكى باياني ئارقىلىق «تۇتما ئاچ» دېگەن تاماق (چۆپ) نامىنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى تەھلىل قىلىپ، ئا ھەرپىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن «تۇتما ئاچ»سۆزىنىڭ «تۇتماچ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغانلىقىنى قەيت قىلغان. بۇ يەردىكى يەنە بىر مۇھىم ئۇچۇر، تۇتماچنىڭ ئاپىرىدە بولغان ۋاقتى بولۇپ، «چۆپ تۈركلەرنىڭ ئاتاقلىق تاماقلىرىدىن بىرى، بۇ تاماق زۇلقەرنەيىن ۋاقتىدا پەيدا بولغانىكەن» دېگەن دەۋر ئۇقۇمى بار سۆزدىن قارىغاندا، «تۇتماچ» دېگەن تاماق مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ 4 ـ ئەسىردىلا مەۋجۇت ئىدى. چۈنكى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 329 ـ يىلى ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ھالقىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەن. مەھمۇد قەشقەرى يەنە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى 4 مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن...» ⑥ دەپ ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەنلىكىنى يازغان.

تۇتماچنىڭ نامى ۋە قانداق تائام ئىكەنلىكى ھەققىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە، تۈركچە ۋە پارسچە لۇغەت ـ كىتابلاردىمۇ تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش ئىشخانىسى تۈزۈپ باستۇرغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»دە (tutmaq) «بىر خىل يېمەكلىك» ⑦، دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

«تۈرك سۆزلۈكى ئوكيانۇسى» دا تۇتماچنى «گۆش ۋە قېتىقتىن تەييارلىنىدىغان بىر خىل يېمەكلىك» دەپ ئىزاھلىغاندىن تاشقىرى، تۇتماچ ئىنگلىز تىلىدا «freshmade pastry Gut in strips and cooked with meat and yogurt » دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن ⑧ .

1974 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «تۈرك ـ ئىنگلىز تىلى لۇغىتى» (TURKISH AND ENGLISH LEXICON) نىڭ 493 ـ بېتىدە «تۇتماچ (tutmac) گۆش ۋە قېتىقتىن تەييارلىنىدىغان بىر خىل يېمەكلىك» دەپ ئىزاھلانغان بولسا، 1251 ـ بېتىدە «دۇملەپ پىشۇرۇلغان قوي گۆشىگە

نوقۇت، پۇرچاق قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدىغان يېمەكلىك» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن ۋە ئۇنى ئىنگلىزچە (A dith of stewed mutton in gobbets swith chich _ peas) دەيدىغانلىقى ئىزاھلانغان ⑨ .

1892 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «پارسچە ـ ئىنگلىزچە چوڭ لۇغەت» (F. STEiNGASS: PERSIAN _ ENGLISH DICTIONARY) نىڭ 333 ـ بېتىدە: «تۇتماچ» (tutmac) نىڭ مەنىسى شورپا بىلەن چۆپتىن تاييارلىنىدىغان ئاشنى كۆرسىتىدۇ» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن ھەم ئۇنىڭ ئىنگلىزچە «Vermicellisoup» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن ⑩ . مەزكۇر لۇغەتنىڭ كىرىش سۆزىدە، سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلۈكلەرنىڭ ئالدىغا شۇ سۆز مەنسۇپ بولغان تىلنىڭ بىرىنچى ھەرپى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن: A (ئەرەب تىلى)، G (گرېك تىلى)، H (ھىندى تىلى)، M (موڭغۇل تىلى)، T (تۈركىي تىل)، R (رۇس تىلى) قاتارلىقلار. ئەمما تۇتماچ (tutmaq) دېگەن سۆزنىڭ قايسى تىلغا مەنسۇپلۇقى ھەققىدە ھېچقانداق ۋەكىل ھەرپ كۆرسىتىلمىگەن.

تۇتماچ يەنى چۆپ ھەققىدە ئىلىمىزنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىدە پۈتۈلگەن خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلىرىدىمۇ ھەرخىل مەلۇماتلار تىلغا ئېلىنغان. بولۇپمۇ غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر دىپلوماتى جاڭ چيەننىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 138 ـ يىلى بىرىنچى قېتىم، 119 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان سەپىرىدىن كېيىن، يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر بىلەن غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەرنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت، سەنئەت ئالماشتۇرۇشى بىر يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا جاڭ چيەن دىيارىمىزدىن مۇقەددەل نەغمىسى قاتارلىق نەغمە ۋە يالغۇزەك، نەي، بۇرغا قاتارلىق چالغۇلارنى» ⑪ ، ئانار، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەرنى ⑫ ، سەۋزە، تۇرۇپ، يۇمغاقسۇت، ماش ـ پۇرچاق قاتارلىق كۆكتاتلارنى⑬ ، يۇزىگە كۇنجۇت سېپىلگەن نان ـ توقاچ قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى⑭ ئېلىپ كېتىپ ئۇلارنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقىگە تونۇشتۇرغان. بۇ يېمەكلىك تائاملار ئارىسىدا تۇتماچ (ئەينى ۋاقىتتا بۇغداي ئېشى 〈 麦饭 〉 دېگەن نام بىلەن ئاتالغان) بولغانلىقى مەلۇم.

«كېيىنكى خەننامە. بەش بۇيۇم تەپسىراتى»دا: «پادىشاھ جانابلىرى خەن لىڭدى خۇ (غۇز ـ ئۇيغۇر) كىيىمى، خۇ ئۆيى، خۇ كارىۋىتى، خۇ لوڭقىسى، خۇ نېيى، خۇ ئۇسسۇل ـ مۇزىكىسىغا ھېرىسمەن ئىدى. پايتەختتە ئاقسۆڭەكلەر بەس ـ بەستە خۇلارنى دوراپ تەقلىد قىلىشاتتى» دەپ يېزىلغان. تارىختا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالى ۋە غەربىدىكى خۇسۇسەن غەربىي دىياردىكى خەلقلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «خۇلار» (胡人) دەپ ئاتالغان. ئامېرىكىلىق تارىخشۇناس لاۋفېر: «خۇ خېتى بىلەن ئاتالغان خەلقلەر خەن سۇلالىسىنىڭ ئادىتى بويىچە تۈركىي قەبىلىلەرنى كۆرسىتەتتى»⑮ دەپ يازغاندەك، ئۇ چاغدىكى خۇلار غەربىي يۇرتلۇقلارغا قارىتىلغانىدى. خەن لىڭدى پادىشاھ ياخشى كۆرىدىغان «خۇ غىزا ـ تائاملىرى» ئىچىدە ئۇيغۇر چۆپى يەنى گۆش ۋە سەۋزە، چامغۇر ھەم چۆپ بىلەن قىلىنىدىغان تۇتماچ بار ئىدى.

لىڭ خۇ يازغان: «خەن ـ تاڭ دەۋرىنىڭ يېمەك مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن كىتابتىكى بايانلارغا قارىغاندا، دىيارىمىزنىڭ نان، توقاچ، قاتلىما، مانتا، بەنشە (تۈگۈر)، ھورنان، بۇغداي ئېشى (تۇتماچ)، تاتلىق ئۇماچ، ھالۋا، ئۈزۈن چۆپ (ئۈگرە)، شورپا، ھېسىپ، كاۋاپ قاتارلىق غىزا تائاملىرى خەن دەۋرىدىن باشلاپ يىپەك يولى بويىلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ كىرىشكە باشلىغان. بۇ ئۇيغۇر غىزا ـ تائاملىرى دەسلەپتە خان ـ پادىشاھلار، ئوردا ئەمەلدارلىرى، پۇلدار باي ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدىكىلەرنىڭ بەس ـ بەستە كۆز ـ كۆز قىلىپ يېيىشىدىغان ئادىتىگە ئايلانغان بولسا، كېيىنچە پايتەخت جامائەتچىلىكى، ئاندىن پۇقرالارمۇ يەيدىغان ئادەتكە ئايلانغانلىقى مەلۇم.

گۇباۋ ئەپەندى غەربىي يۇرتتا ياشىغان خەلقلەرنىڭ جۇڭگو يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىگە قوشقان تارىخىي تۆھپىلىرى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ: «بۇغداينى ئۇن تارتىش ۋە ئۇندىن غىزا ـ تائام تەييارلاش ئۇسۇلى چىن، خەن سۇلالىلىرى زامانىدىن كېيىن غەربىي يۇرتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئىچكى جايلارغا تارقالغان. ئىچكىرىدە شۇ دەۋردىكى بايلار سۆك، گۆشنى ئىستېمال قىلسا، كەمبەغەل ـ نامراتلار پاتاقنى ئىستېمال قىلغان. سۆك ئاق ئاشلىق ھېسابلانغان. پاتاق هاراقىنىڭ چىرىندىسى يەنى





ئاشلىقنىڭ سۈزۈندىسىدىن ئىبارەت بولۇپ قارا ئاشلىق
ھېسابلانغان. بۇغداي ئېشى ياۋايى دېھقانىنىڭ غــىزاسى،
دەپ قارالغان. «جىجيۇپيەن ( 急就篇 ) دە ‹نان ـ تو-
قاچ، قاتلىما ( 饼馅 )، بۇغداي ئېشى ( 麦饭 )، ‹تاتلىق
ئۇماچ ياكى ھالۋا› ( 甘谷羹 ) دېگەن غىزا ـ تائاملار
يېزىلغان بولسا، بۇنىڭغا تاڭ سۇلالىسى زامانىدا ئۆتكەن
يەن شىگو ‹بۇغداي ئېشى (تۇتماچ يەنى چۆپ) يارغۇن-
چاقتا تارتىلغان بۇغداينىڭ ئۇنى بىلەن تەييارلىنــىــدۇ.
بۇغداي ئېشى، پۇرچاق ئۇمىچى ياۋايى دېھقاننىڭ غىزا-
سىدۇر› دەپ ئىزاھ بەرگەن» ⑯ دەپ يازغان. دېمەك،
خەن ـ تاڭ دەۋرلىرىدە دىيارىمىزدىن ئىچكى جايــلارغــا
تارقالغان تۇتماچ تۈركىي تىلىدىكى تۇتــمــاچ (tutmaq)
دېگەن ئەسلىي نامى بىلەن ئەمەس، بەلكى «بۇغداي ئې-
شى» ( 麦饭 ) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

خەن (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلدىن مىلا-
دىيە 230 ـ يىلغىچە)، ۋېي (230 ـ 265) دەۋرلىرىدىن
باشلاپ «غۇز تائاملىرى» ( 胡食 ) دېگەن نام بىلەن
ئاتالغان ئۇيغۇر تائاملىرى (يەنى تۇتماچ) ئوتتۇرا دىيار
ئاھالىلىرى ئارىسىغا تارقىلىپ، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ياق-
تۇرۇپ ئىستېمال قىلىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن. غەربىي جىن
سۇلالىسىدە ئۆتكەن ئەدىب شۇ جيې «غۇز تائامى ھەق-
قىدە قاپىيىلىك پروزا» دېگەن ئەسىرىــدە چــۆپ يــەنى
تۇتماچنى مەدھىيىلىگەن بولسا، «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرىدا
خان يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن كىتابلار قامۇسى»دا خەن
دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن جاۋچى شىمالىي دېڭىــز
تەرەپلەردە خۇ تائاملىرى سودىسى بىلەن بېيىپ كەتكەن-
لىكى تىلغا ئېلىنغان. شەرقىي جىن سۇلالىسىدە ئۆتكەن
داڭلىق خەتتات ۋاڭ يې ياش چېغىدا ئۇيغۇر تائاملىرىنى
يەپ باققانلىقىنى، بولۇپمۇ چۆپنىڭ ناھايىتى تــەمــلــىك،
مەززىلىك بولىدىغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتكەن. تاڭ دەۋرىدە
ئۆتكەن قەشقەرلىك بۇددا ئالىمى، يــازغــۇچى خــۇيــلان
(737 ـ 820) ئۆزىنىڭ «بارلىق نوم سۆزلۈكلىرى شەر-
ھىسى» ناملىق كىتابىدا: «پولۇ، نان ـ توقاچ، قاتلىما،
چۆپ، كاۋاپ قاتارلىقلار ئۇيغۇر يېمەكلىكى بولۇپ، غەر-
بىي يۇرتتىن تارقىلىپ كىرگەن» دەپ يازغان⑰ .

شاڭ دا ئەپەندىنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئــەن ۋە

غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسىرى قاتارلىقلار-
دىكى بايانلارغا قارىغاندا، تاڭ دەۋرىدىكى پـايـتـەخت
چاڭئەندە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار مىلك تۇتۇندىن ئاش-
قان بولۇپ، بىر قانچە كوچىدا ئۇيغۇر مەھەللىلىرى شە-
كىللەنگەن[18] . بۇ ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ناھايىتى ئاۋات
بولۇپ، كېچە - كۈندۈز قاينام - تاشقىن كەيپىيات ۋە يې-
مەك - ئىچمەك سودىسى قىزىپ كەتكەن. ئۇيغۇر مەھەل-
لىلىرىنىڭ ھەممىسىلا پولۇ ( 毕罗 )، تۇتماچ (بۇغداي
ئېشى)، نان - توقاچ ساتىدىغان داڭلىق ئاشپـۇزۇلـلار،
شورپا دۇكانلىرى، كاۋاپخانىلار، لوپنۇر ھارىقى، تۇرپان
ۋە كۇچانىڭ ئۈزۈم ھارىقى دۇكانلىرى، ئۇيغۇر بىناكارلى-
قىغا خاس شەكىلدە سېلىنىپ بېزەلگەن مەيخانىلار، بەز-
مىخانىلار، مال سارايلىرى، مېھمانخانـىلار ۋە دەڭـلـەر
بولغان. بۇ ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە ئۇيغۇر ناخشا - ئۇس-
سۇللىرى ۋە تىياتىرلىرى قويۇلۇپ تۇرغان[19] . «ئەلنى
ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»نىڭ 232 -
جىلدىغا قارىغاندا، تيەنباۋ يىللىرى (713 - 756)دىن كې-
يىن پايتەخت چاڭئەنگە كەلگەن ساقاللىق ئۇيغۇرلار 4
مىڭدىن ئاشقان بولۇپ، شەھەر كوچىلىرىنى ئۇيغۇر پۇ-
رىقى قاپلىغانىكەن. يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە يـەنـىـلا
غەربىي يۇرتتىن يىپەك يولىنى بويلاپ لوياڭ، چاڭئەن-
لەرگە ئۆزلۈكسىز كىرىپ تۇرغان ئۇيغۇر تائاملىرى بازار
تېپىپ، يەرلىك خەلقلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.
ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ، نـان -
توقاچ، بۇغداي ئېشى (تۇتماچ)، ئۆپكە - ھېسىپ، كاۋاپ
ۋە كۇچا، تۇرپان ئۈزۈم ھاراقلىرى تاڭ سۇلالىسى مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرغان 300 يىلغا (618 - 907) يېقىن ۋاقىت
ئىچىدە ۋېي، جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر ۋە سۈي
سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاساستا داۋاملىق راۋاجـلانـغـان
ھەمدە تاڭ دەۋرى يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىگە مۇھىم
تۆھپە قوشقاندى. ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمىكىگە بولـغـان
قىزىقىش تەيزۇڭ، گاۋزۇڭ، شۈەنزۇڭ پادىشاھتىن تاكى
بەزى ۋاڭ، گۇڭلارغىچە، ئايماق - مەھكىمىلەر ئەمەلدار-
لىرىدىن تاكى پۇقرالارغىچە ئومۇمىي ئاھالە ئىچىدە بىر
ئىجتىمائىي مەدەنىي ھاۋاغا ئايلانغانىدى.

سۇڭ سۇلالىسى (960 - 1279) دەۋرىگە كەلگەندە،
ئۇيغۇرلار بىلەن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ سودىسىنىڭ گۈللىنى-
شىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەكلىرى يەنە بىر
زامان مودىغا ئايلانغان. مىلك يۈەنلاۋنىڭ «شەرقىي ئاس-
تانىدا ساقلانغان خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىدا شىمـالـىي
سۇڭ خانلىقىنىڭ مەركىزى كەيفېڭنىڭ ئاۋات مەنزىرىسىنى
تەسۋىرلىگەندە، كەيفېڭ شەھىرىدىكى يېمەكلىكلەر دۇ-
كانلىرىدا ئۇيغۇر نان - توقاچلىرى، چۆپلىرى، ھېسىپ،
كاۋاپلىرى سېتىلىدىغانلىقى، كىشىلەر بەس - بەستە ئېلىپ
يېيىشىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، تاڭ،
سۇڭ دەۋرى يېمەك - ئىچمىكىگە دائىر تارىخىي خاتىرى-
لەرگە قارىغاندا، دىيارىمىزدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تار-
قىلىپ كىرگەن تۇتماچ (چۆپ) دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشـگـە
ئەگىشىپ ئىچكى جايلاردىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ تۇر-
مۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن خام ماتېرىياللىرى، تەييارلاش
ئۇسۇلى جەھەتتە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر ھاسىل قىل-
غان ھەمدە تۈرىمۇ كۆپەيگەنلىكى مەلۇم.

يۈەن سۇلالىسى (1279 - 1368) دەۋرىدە نەچچـە
تۈمەنلەپ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئالىملىرى، ھەربىي - مە-
مۇرلىرى شۇنداقلا ھەر خىل ھۈنەر - كەسىپ ئەھلىلىرى
ئىچكىرىگە يۆتكەپ ئاپىرىلىپ پايتەخت تايدۇ (ئەينى زا-
ماندىكى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ نامى، مەنىسى ئۇلۇغ پاي-
تەخت) ۋە ھەرقايسى ئايماقلاردا يۈەن سۇلالىسى ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇرۇلغانىدى[20] . بۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن
داڭلىق ئاشپەزلەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، قوسقۇيـغـا
ئوخشاش «يېمەك - ئىچمەك دەستۇرى» ناملىق مەخ-
سۇس كىتاب يازغان ئۇزۇقلۇقشۇناسلارمۇ كۆزگە كۆرۈن-
گەنىدى [21] . شۇڭا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تۇتماچ
دېگەن بۇ تائام ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئەينەن «تۇتماچ»
( 秃秃麻失 ) دەپ ئاتالغانىدى ھەم خەنزۇچە تارىخنا-
مىلەرگىمۇ شۇنداق پۈتۈلۈشكە باشلىغان. مەسىلەن: يۈەن
سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە مەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان
«تۇرالغۇدا مۇقەررەر ئىشلىنىدىغان ئىش تۈرى ئومۇمىي
توپلـىـمى» ( 居家必用事类全集 )دا: «تـۇتـمـاچ
( 秃秃麻失 ) گۆش شورپىسىغا سېلىنىدۇ. خېمىرى ئا-
لىقان بىلەن بېسىپ نېپىزلىتىلىپ، قازانغا سېلىپ پىشۇرۇ-
لىدۇ، چۆپ سۈزۈلۈپ ئۈستىگە توغرالغان گۆش بېسىلى-
دۇ، بەك يېيىشلىك ھەم تەمـلـىك بـولـىـدۇ»[22] دەپ

يېزىلغان.

يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا تائام تەييارلاش ئۇستازى بولغان ھەم «تائام تەييارلاش دەستۇرى» ( 饮膳正要 ) ناملىق يېمەك - ئىچمەك ھەققىدىكى مەخسۇس كىتاب يازغان مەشھۇر ئۇيغۇر تائامشۇناسى قوسقۇي تۇتماچ ھەققىدە توختىلىپ: «تۇتماچ ( 秃秃麻失 ) بەدەننى قۇۋۋەتلەپ باھنى كۈچەيتىدۇ. ئالتە جىڭ ئاق ئۇندا تۇتماچ قىلىشقا بولىدۇ. بىر سان قوي گۆشى توغراپ سوغۇق سۇغا سېلىنىپ پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن شورپىسىنىڭ خۇرۇچلىرى سېلىنىپ، تۇز تەمى تېتىلىپ تەڭشىلىدۇ ۋە پىياز، سامساق، يۇمغاقسۇت قاتارلىقلار سېلىنىپ پىشۇرۇلىدۇ»㉔ دەپ يازغان.

ياپونىيە ئالىمى شياۋ تيەنتۇلى «جۇڭگو يېمەكلىكلىرى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىدىكى «تائام تەييارلاش دەستۇرى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدە تۇتماچ قاتارلىق ئون نەچچە خىل ئۇيغۇر تائاملىرى ھەققىدە توختالغان. ئەمما بۇ تائاملارنىڭ كېلىش مەنبەيىنى بىلمىگەچكە: «ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن تائاملار يات ئەللەرنىڭ غىزا - تائاملىرى بولۇپ، غەيرىي تەم - پۇراقتا تەييارلىنىدىكەن، بۇ غىزا - تائاملىرنىڭ ناملىرىمۇ غەيرىي بولۇپ، ئۇ پارس تىلىمۇ، ئەرەب تىلىمۇ ياكى تۈرك تىلىمۇ ئايرىۋېلىش قىيىن»㉕ دەپ يازغان.

لى چۈنفاڭ ئەپەندى تەرجىمە قىلىپ، ئىزاھلاپ نەشرگە تەييارلىغان قوسقۇينىڭ «تائام تەييارلاش دەستۇرى»دىكى تۇتماچقا بەرگەن ئىزاھاتىدا: «تۇتماچ 秃秃麻失 ياكى 秃秃么思 دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىيادىكى خۇيزۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆز يۇرتلىرىدىن ئېلىپ كەلگەن بىر خىل غىزا. قەدىمىي كورىيىنىڭ ‹قەدىمكى ئىشلارغا تولۇقلىما› ناملىق كىتابىدا تۇتماچ مۇنداق ئىزاھلانغان: ‹تۇتماچ بىر خىل ئۈزۈپ تاشلايدىغان ئاش، تەييارلاش ئۇسۇلى خېمىرنى يېيىشقا ئوخشايدۇ. خېمىرى يۇمىلاق ھەم كىچىك ئۈزۈلىدۇ، ئاندىن سوغۇق سۇغا چىلاپ سۈزۈپ ئېلىپ ئالقان بىلەن بېسىپ نېپىزلىتىلىدۇ، ئۇ قازانغا سېلىپ پىشۇرۇلغاندىن كېيىن لېگەنگە سۈزۈلىدۇ، ئاندىن سىرىق ماي بىلەن گۆشكە ئارىلاشتۇرۇپ قورۇلۇپ تۇزى تەڭشىلىدۇ. ئازراق قورۇلغاندىن كېيىن، ئاچچىق - چۈچۈك شورپىغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ سامساق قاتارلىق تەم تەڭشەگۈچلەر بىلەن تەمنى تەڭشەيدۇ ۋە ئاخىرىدا بامبۇك زىخ بىلەن سانجىپ يېيىلىدۇ›»㉖ .

دېمەك، كورىيىنىڭ يۇقىرىدىكى تارىخىي خاتىرىسىگە قارىغاندا، تۇتماچ ئەينى ۋاقىتتا كورىيىگىمۇ تارقالغان ھەم خۇرۇچلىرى ۋە تەييارلاش ئۇسۇلىدا كورىيىلىكلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا خاس ئۆزگەرتىلىپ، ئىسلاھ قىلىنغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

تۇتماچ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ ئىچكى ئۆلكىلەردە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ، راۋاجلىنىپ، كىشىلەرنىڭ قەدىرلەپ ئىستېمال قىلىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن. چىڭ دەۋرىگە دائىر تارىخىي خاتىرىلەردە تۇتماچنىڭ بەزىدە «مۈشۈك قۇلىقى» ( 猫耳朵 ) دەپ ئاتالغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. تۇتماچنىڭ نېمە ئۈچۈن «مۈشۈك قۇلىقى» دەپ ئاتىلىشىدا مۇنداق بىر رىۋايەت توقۇلغان: بىر قېتىم پادىشاھ چيەنلۇڭ جەنۇب تەرەپكە بېرىپ خاڭجۇنى ساياھەت قىلىۋاتقاندا، ئازراق سوغۇق تېگىپ توڭلىغان ھەم چۆپ ئاش ئىچكۈسى كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئولتۇرغان كېمىنىڭ خوجايىنى ئۆز قىزىنى دەرھال چۆپ ئاش ئېتىشكە بۇيرۇغان ۋە ئۇ قىز پادىشاھنى ياخشى كۈتۈش ئۈچۈن دەرھال چۆپ ئاش (- تۇتماچ) ئەتكەن. چيەنلۇڭ چۆپ ئېشىنى ئىچىپ ھۇزۇرلىنىپ، مىجەزى ياخشى بولۇپ قالغان ھەم ئۇ بۇ قىزدىن بۇ تائامنىڭ نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى سورىغان. شۇ ئەسنادا قىز خىجىل بولۇپ، جىددىيلىشىپ تۇرغاندا، ئالدىدا بىر مۈشۈكنىڭ مياڭلىغىنىنى كۆرگەن ھەم دەرھال ئۇنىڭغا قاراپ «مۈشۈك قۇلىقى» دەپ جاۋاب بەرگەن، شۇنىڭدىن باشلاپ تۇتماچنىڭ نامى «مۈشۈك قۇلىقى» بولۇپ قالغانمىش㉗ .

دىيارىمىزدا بولسا، تۇتماچ يەنى چۆپ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ئىستېمال قىلىنىپ كەلدى ۋە دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ تۈرىمۇ كۆپەيدى. ھازىرقى كۈندە نارىن چۆپ، ئۆكۈز تىلى، ئاتۇش چۆپى، ياغلىما چۆپ، قايماق چۆپ، قولداما، يىمىرما قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىۋاتقان ھەرخىل چۆپلەر ئەنە شۇ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن زامانىسىدىكى

«تۈتماچ»تىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن چۆپلەر ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

ئىزاھاتلار

① ۋۇ جېن: «شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بىر نەچچە ئورۇندىكى يېڭى تاشقورال دەۋرىگە تەۋە ئىزلار»، «ئارخېئولوگىيە» 1964 ـ يىلى 7 ـ سانىغا قاراڭ».

② شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «كۆنچى دەرياسى بويىدىكى گۇمۇگۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى قېزىش ۋە دەسلەپكى تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدىكى يېڭى ھادىسىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرىگە قاراڭ.

③ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1986 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى سانىغا قاراڭ.

④ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى: «قەدىمكى ئۇيغۇر تائاملىرىغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار»، («شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1993 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى سانىدا) دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

⑤ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 590 ـ ، 591 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلدىكى ئۇيغۇرچە نەشرىگە قاراڭ.

⑥ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، 212 ـ بەتكە قاراڭ.

⑦ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 1989 ـ يىلى 10 ـ ئاي، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرىگە قاراڭ.

⑧ «تۈرك سۆزلۈكى ئوكيانۇسى»، 1974 ـ يىلى ئىستامبول تۈركچە نەشرىگە قاراڭ.

⑨ «تۈرك تىلى ـ ئىنگلىز تىلى لۇغىتى»، 1974 ـ يىلى نەشرىگە قاراڭ.

⑩ ف. ستېيىن گاس: «پارسچە ـ ئىنگلىزچە چوڭ لۇغەت»، 1892 ـ يىلى لوندون، ئىنگلىزچە نەشرىگە قاراڭ.

⑪ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، 79 ـ بەتكە قاراڭ.

⑬ ، ⑫ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى: «يۇرتىمىزدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان دورا ئەشيالىرى» («خوتەن تېببىي ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 ـ يىلى 2 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ سانلىرى بىلەن 1998 ـ يىللىق 1 ـ سانلىرىدا) دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

⑭ لىڭ خۇ: «خېن، تاڭ دەۋرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيەت تارىخى»، 73 ـ ، 74 ـ بەتلەر، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرىگە قاراڭ.

⑮ لاۋفېر (ئامېرىكا): «جۇڭگو ـ ئىران توغرىسىدا»، 1964 ـ يىلى 1 ـ ئاي، شاڭخەي باسمىخانىسى خەنزۇچە نەشرىگە قاراڭ.

⑯ گۇباۋ: «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىيلىقى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە، 1985 ـ يىللىق 3 ـ سان، 50 ـ بەتكە قاراڭ.

⑰ ۋاڭ زىخۇي: «سۇي، تاڭ، بەش دەۋردىكى ئاشپەزلىك تارىخىي تېزىسلىرى»، 1991 ـ يىلى شەنشى پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرىگە قاراڭ.

⑲، ⑱ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پايتەخت چاڭئەندە شەكىللەنگەن ئۇيغۇر مەھەللىلىرى» («شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1992 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى سانىدا)، «ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى پايتەختى چاڭئەندىكى سودا ـ تىجارىتى»، («شىنجاڭ يېزا ـ بازار پۇل ـ مۇئامىلىسى» 1998 ـ يىللىق 1 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ سانلىرىدا) ۋە «ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى»، («ئاسىيا كىندىكى گېزىتى»نىڭ 1994 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى سانىدا) قاتارلىق ماقالىلىرىگە قاراڭ.

⑳ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى» ناملىق كىتابىغا قاراڭ. 1991 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 185 ـ ، 189 ـ بەتلەر.

㉑ ، ㉓ ئابلىز مۇھەممەد سايرامىنىڭ يۇقىرىقى كىتابىدىكى قوسقۇي تونۇشتۇرۇلغان ماقالىسىگە ۋە «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە پايتەخت بېيجىڭدا شەكىللەنگەن ئۇيغۇر مەھەللىسى»، («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1994 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىكى سانىدا) دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

㉒ «تۇرالغۇدا مۇقەررەر ئىشلىنىدىغان ئىش تۈرى ئومۇمىي توپلىمى»، جۇڭلۇگتۇڭ ئىزاھلاپ نەشرگە تەييارلىغان نۇسخىسى، 1986 ـ يىلى 10 ـ ئاي، جۇڭگو سودا نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرىگە قاراڭ.

㉔ ، ㉖ قوسقۇي: «تائام تەييارلاش دەستۇرى»، لى جۇنفاڭ ئىزاھلاپ نەشرگە تەييارلىغان نۇسخىسى، 1988 ـ يىلى 2 1 ـ ئاي، جۇڭگو سودا نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرىگە قاراڭ.

㉕ شاۋ تيەنيۇڭ (ياپونىيە): «جۇڭگو يېمەكلىكلەر تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، گاۋ گۈيلىن تەرجىمىسى، 1987 ـ يىلى 1 ـ ئاي، جۇڭگو سودا نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرىگە قاراڭ.

㉗ «خۇيزۇ تەتقىقاتى»، 1995 ـ يىل 2 ـ سان 66 ـ بەتكە قاراڭ.

مۇھەررىرى: خۇرشەنئاي مەمتىمىن



# ئۇيغۇرلارنىڭ قەۋرە مەدەنىيىتى ھەققىدە

غالىب خوجىئابدۇللا

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ئۆزلىرىنىڭ تۇرلۇك مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى قەبرىلەر ئارقىلىقمۇ ئىپادىلەپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە، مەيلى كۆپ خۇدالىق دەۋرىدە بولسۇن، ياكى بۇددا دىنى دەۋرىدە بولسۇن ۋە ياكى ئىسلامىيەت دەۋرىدە بولسۇن، جەسەتنى تۇپراققا كۆمۈشكە ئادەتلەنگەن.

مىللىتىمىزنىڭ بۇ خىل ئۆرپ ـ ئادىتى نۇرغۇن مىللەتلەر بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان ھەرقايسى جايلارنىڭ ھەممىسىدە بەلگىلىك قەبرىستانلىق بولىدۇ. ئۇيغۇر قەبرىستانلىقلىرى كۆپىنچە تاغ باغرىلىرىغا، ئەگەر تاغ يىراق بولسا يول بويلىرىغا، ئەل يۇرتقا يىراقمۇ ئەمەس، يېقىنمۇ ئەمەس جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان قەبرىستانلىققا مېيىتنى ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەر دەپ ئايرىماي قويىدۇ. ئۇيغۇرلار قەبرىستانلىقلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ، يول ياساش، كۆچەت تىكىش ۋە قەبرىلەرنى رەتلىك قاتۇرۇش قاتارلىق ياخشى ئادەتلەرنى تاكى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەت دەۋرىدىن بۇرۇن، مېيىتنى كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەن ياكى ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بۇيۇملىرى بىلەن دەپنە قىلاتتى. ھەتتا بەزىلەر ئەينى دەۋرنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە تۇرمۇش ھادىسىلىرى سىزىلغان رەسىملەر ھەمدە تۈرلۈك قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى، دېھقانچىلىق بۇيۇملىرى قاتارلىقلار بىللە دەپنە قىلىنغان، بۇ خىل بۇيۇملار ئۇيغۇرلار ياشاپ ئۆتكەن ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇزاقتىن بۇيان، ئارخېئولوگلار مەدەنىيەت ئىزلىرىمىزنى ئاۋام خەلققە نامايان قىلىشتا، قەدىمكى قەبرىلەرنى ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىقمۇ يورۇتۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ كونا تاش قورال دەۋرى، يېڭى تاش قورال دەۋرى، بۇددىزم دەۋرى ۋە ئىسلامىيەت دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرىنى يورۇتۇشتا كۆپىنچە قەدىمي قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلارغا مۇراجىئەت قىلىندى. بىزنىڭ نۇرغۇن مەدەنىيەت ئىزلىرىمىز ھېلىھەم قەدىمكى قەبرىلەردە كۆمۈلۈپ ياتماقتا.

ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەت دەۋرىگە كەلگەندە، مېيىتنى

كېيىم - كېچەكلىرى بىلەن قويمايدىغان بولدى. بەلكى ئۇنى پاكىز يۇيۇپ - تاراپ ئاق كېپەنگە ئوراپ يەرلىككە قويىدىغان بولدى. بۇنىڭ مەنىسى «ئادەم بۇ دۇنياغا قانداق كەلگەن بولسا شۇنداق كەتسۇن»، «ئادەم ئەسلىي تۇپراقتىن كەلگەن يەنە تۇپراققا كېتىۋاتىدۇ» دېگەنلىك بولۇپ، تەبىئەت دۇنياسى بىلەن جانلىقلارنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىنغان.

ئۇيغۇرلار ۋاپات بولغۇچىنىڭ ھايات چېغىدا نېمە ئىش قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ئىززەت ھۆرمىتى بىلەن دەپنە قىلىشنى بىر خىل ئېسىل پەزىلەت دەپ قارايدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ يامان گېپىنى قىلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ۋاپات بولغۇچى ھايات چېغىدا بەزى يامان ئىشلارنى قىلىپ قويغان بولسىمۇ، ئۇنى ئەپۇ قىلىپ، ئىززىتى بىلەن دەپنە قىلىش بىر خىل ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلانغان. ئۇيغۇرلار «بۇ دۇنيادا ئازمايدىغان، خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان ئادەم بولمايدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. ئۇيغۇرلار ۋاپات بولغۇچىنى «مەرھۇم»، دەپ ئاتايدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ تاۋۇتى جامائەت تەرىپىدىن تاكى قەبرىستانلىققىچە كۆتۈرۈپ ئاپىرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار مەيلى ئۆزى تونۇسۇن ياكى تونۇمىسۇن، بەزى قول ئىلكىدە پۇل يوق كىشىلەرنى جامائەت پۇل چىقىرىپ خالىس دەپنە قىلىشنى بىر خىل ئېسىل ئەخلاق دەپ قارايدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەمگەرچىلىككە، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا باي بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

ئۇيغۇر قەبرىلىرىنىڭ قاتۇرۇلۇشى باشقا مىللەتلەرنىڭ قەبرە قاتۇرۇش ئادەتلىرى بىلەن ناھايىتى روشەن پەرقلىنىدۇ. ئۇيغۇر قەبرىلىرىگە، مىللىتىمىزنىڭ يىراق قەدىمكى زامان دەۋرلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، گۈزەللىك قاراشلىرى ۋە ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى سىڭدۈرۈلگەن.

ئۇيغۇرلار مەرھۇملارنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرغاندا، قەبرىستانلىقنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىگە، رەت تەرتىپىگە ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇيغۇر قەبرىستانلىقىنىڭ ھەر قاندىقىغا خېلى كەڭلىكتە بىر مۇكەممەل يول ئېلىنىدۇ. قەبرىلەرنىڭ ئارىلىقىغىمۇ ئادەم ماڭالىغىدەك يول قويۇلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاۋام خەلق مەرھۇملارنىڭ روھىنى يات ئېتىپ تۇرۇشقا قولايلىق يارىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر قەبرىلىرىنى يىراقتىن قاراپلا قايسىسىنىڭ ئەر، قايسىسىنىڭ ئايال، قايسىسىنىڭ ياشانغان كىشى، قايسىسىنىڭ كىچىك بالا ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر قەبرىلىرىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك، قومۇل، تۇرپان قەبرىستانلىقلىرىدا ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئەرلەرنىڭ قەبرىسىنى ئىككى پەلەمپەي قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستى تۈلۈق شەكلىدە قاتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى، بىرىنچى پەلەمپەي خامانىنى، ئىككىنچى پەلەمپەي خامان ئۈستىگە يېيىتىلغان بۇغداي پاخلىنى، ھەممىنىڭ ئۈستىدىكىسى بۇغداي تېپىدىغان تۈلۈقنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بولسا ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئاساسلىقى تالا ئىشىنى قىلىدىغانلىقىنى، دېھقانچىلىق تۇرمۇشىدىكى ئېغىر ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئاياللارنىڭ قەبرىسىنى ئۈچ پەلەمپەي قىلىپ قاتۇرىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: بىرىنچى پەلەمپەي ھويلا - ئاراملارغا سېلىنىدىغان سۇپىنى، ئىككىنچى پەلەمپەي سۇپىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان سۇپىرىنى، ئۈچىنچى پەلەمپەي سۇپىرا ئۈستىگە قويۇلغان ئاشتاختىنى، ئەڭ ئۈستىدىكىسى ئاشتاختىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان نوغۇچنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئاساسلىق ھويلا - ئارام، ئۆي ئىشىنى قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلار ياشانغان كىشىلەرنىڭ قەبرىسىنى باشقا قەبرىلەرگە قارىغاندا چوڭراق قىلىپ قاتۇرىدۇ. نارەسىدىلەرنىڭ قەبرىسى نىسبەتەن كىچىكرەك قىلىپ قاتۇرۇلىدۇ. بوۋاقلارنىڭ قەبرىسى تېخىمۇ كىچىك قىلىپ قاتۇرۇلىدۇ. بۇنداق قەبرىلەرنىڭ تۈلۈقىنىڭ ئۈستىگە بوۋاق شەكلىدە ھەيكەل قاتۇرۇپ قويغان ئەھۋاللارمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا بەزىلەرنىڭ يۇرت ئىچىدىكى ئىناۋىتى، سالاھىيىتى ۋە ئىقتىسادىغا قاراپ گۈمبەز قاتۇرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار.

بىز بۇلاردىن مىللىتىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ئەر - ئايال ئىشىنىڭ بىر - بىرى بىلەن روشەن پەرقلىنىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا قەبرىلەرنىڭ قاتۇرۇلۇشى ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق تۇرمۇشى بىلەن شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى ۋە گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنەلەيمىز.

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ قەبرىستانلىقنى بىر خىل مۇقەددەس جاي دەپ قارايدۇ. قەبرىستانلىقلارغا دەرەخ تىكىپ باغۇ - بوستانلىق قىلىشنى خاسىيەتلىك ئىش دەپ

قارايدۇ. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىرەر قەبرىستانلىقنى كۆرسە ئۇنىڭغا قاراپ دۇئا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ياخشى تىلەكنى ئىپادىلەيدۇ. قەبرىلەرگە قولنى سانچىپ سۆزلەشتىن، قالايمىقان چاقچاق قىلىشتىن، ناخشا ئېيتىشتىن، قەبرىستانلىقنىڭ قېشىدا ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتىن، تاماكا چېكىشتىن، قەبرىستانلىقتا ئۆزئارا سوقۇشۇپ تىللىششتىن، قەبرىگە قاراپ سىيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ

ئۇيغۇرلار ھېيت ـ بايراملاردا ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنىڭ، مەشھۇر ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ، مىللىتىمىزدىن چىققان مەشھۇر قەھرىمانلارنىڭ قەبرىسىنى يوقلاشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. قەبرىستانلىققا چىققاندا ئۇلارنى پاكىز سۈپۈرۈپ تازىلاپ، ئۈستىگە دان چېچىپ قويىدۇ. قول كۆتۈرۈپ چوڭقۇر سۈكۈتتە دۇئا قىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئۆزلىرى يوقلاپ كېلەلمىگەن ۋاقىتتا، ئۇچار قۇشلارنىڭ يوقلاپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەرھۇملارغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىشنى، گۈزەل ئەسلىمىلىرىنى ۋە مۇقەددەس تىلەكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەجدادلارنىڭ روھىنى ئەسلەپ، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە تۇرمۇشىغا بەخت تىلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ئېسىل ئادىتى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوۋم ـ قېرىنداشلار ئارا ئىناقلىق، مېھرىبانلىق، ئىنساني مۇھەببەتنى كۈچەيتىپ، ئائىلىگە بەرىكەت، تۇرمۇشقا گۈزەللىك بېغىشلايدۇ. ئەۋلادلارنىڭ دىلىغا ئىنساپ ئاتا قىلىدۇ.

ئۇيغۇر قەبرىستانلىقلىرى قەدىمدىن بۇيان تۈزۈلۈشى ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا مىللەت قەبرىستانلىقلىرىدىن پەرقلىنىپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ھازىر قايتا نەزەر سالىدىغان بولساق، نۇرغۇن يېتەرسىز تەرەپلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

ئالدى بىلەن بىز كۆكەرتىشنى ياخشى قىلالمىدۇق. بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى قەبرىستانلىقلىرىمىز دەل ـ دەرەخسىز قاقاسلىقتا تۇرماقتا. مىللىتىمىزنىڭ قەدىمدىن تارتىپ قەبرىنى قاتۇرۇپ بولۇپلا دەرەخ تىكىپ قويىدىغان ياخشى ئادىتى بار ئىدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت، بىر تەرەپتىن مەرھۇمنىڭ بېشىنى ئاپتاپتا قويماسلىق، بۇ ئارقىلىق مەرھۇمغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن قەبرىستانلىقنىڭ مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، زىيارەتكارلارنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇش ئىدى (ھېلىھەم تۇرپان ـ قومۇل خەلقلىرى ئارىسىدا، قەبرىگە دەرەخ تىكىلمىگەن بولسا، مەرھۇمنىڭ بېشى ئاپتاپتا قاپتۇ، دەپ ئېغىر كۆرىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت).

يېقىنقى يىللاردا قاتۇرۇلۇۋاتقان قەبرىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەرتىپسىز، قالايمىقان، ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىكنىڭ پەرقى يوق. ئۈرۈمچىدىكى گۈلساي قەبرىستانلىقىدا ھازىر قاتۇرۇلۇۋاتقان قەبرىلەرگە قارايدىغان بولساق، ھەممىسىگە بىر خىل چېرتيوژ سىزىلىپ، شەكلىنىڭ ئوپئوخشاش قاتۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ قەبرىلەرنى قاتۇرۇشتا، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە سەل قارالغان. تۇرپان، قومۇل قەبرىستانلىقلىرىدا، جەسەتنى لەھەتكە قويۇپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال كېسەك بىلەن قوپۇرۇپ، ئۈستىنى سامانلىق لاي بىلەن پۇختا سىپىۋېتىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئىت، مۈشۈك، يىلان ـ چايان، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ لەھەتكە كىرىپ جەسەتكە خېيىمخەتەر يەتكۈزۈپ قويماسلىقى، بېجىرىم تۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلغان. ئادەم بۇ دۇنياغا قانداق كەلگەن بولسا، ئۇ دۇنيادىمۇ شۇنداق ياتسۇن دېگەن قاراش ئالغا سۈرۈلۈپ، مەرھۇمغا ئىنسانپەرۋەرلىك ھېسسىيات، چوڭقۇر مۇھەببەت بىلدۈرۈلگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن تۇرپان، قومۇل قەبرىستانلىقلىرىدىكى قەدىمكى جەسەتلەر ناھايىتى بېجىرىم ۋە پۇختا ساقلانغان. ئەمما ئۈرۈمچىدىكى گۈلساي قەبرىستانلىقىدا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى قەبرىلەردە لەھەتنىڭ ئاغزىنى كېسەك بىلەن قوپۇرۇپ قويۇپلا سىپىماي توپا تۆكۈۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ مىللىتىمىزنىڭ قەبرە مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە توغرا ۋارىسلىق قىلىنمىغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، قەبرە قاتۇرۇشمۇ بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۇ بىر مىللەتنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. قەبرە قاتۇرۇشتا مىللىتىمىزنىڭ قەدىمدىن بۇيان ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر. ئۇيغۇرلارنىڭ قەبرە مەدەنىيىتىمۇ مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت بايلىقىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ، بۇ ھەقتە تەتقىقاتلارنى قانات يايدۇرۇش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئادرېس: قوراللىق ساقچى قىسىم ئۈرۈمچى كوماندىرلار مەكتىپى مەدەنىيەت كافېدراسى

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى




## دولان ھەققىدە رىۋايەت

دولان خەلقى مەكىت، مارالبېشىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، يەكەن دەرياسى، تارىم دەرياسىنى بويلاپ، يەكەننىڭ «تاسقۇما»، قاغىلىقنىڭ «جاڭگىلەسكى»دېگەن يېرىدىن ئاقسۇنىڭ «ئاۋات»، «ئايكۆل»، «قاراتال» دىن بۈگۈر، لوپنۇر، تاكى قومۇل ۋادىلىرىغىچە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە: دولان خەلقى تەكلىماكان باغرىدىكى قۇملۇق، چۆل ـ جەزىرىلەردە ياشىغاچ «دولان» سۆزى «دالا»دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن دېيىلسە، يەنە بىر رىۋايەتتە «دالان» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېيىلگەن. يەنە بەزىلەر رىۋايەت قىلىپ «دولان»دېگەن سۆز موڭغۇلچە «دولو»، «داۋلا» («يەتتە»)دېگەن سۆزىدىن كېلىپ چىققان، دېيىشىدىكەن. يەنە بەزى رىۋايەتلەردە «دولانغۇت» قەبىلىسىدىن، «دولانگىت»، «تۇران» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشىدىن كېلىپ چىققان، دېيىشمەكتە.

دولان خەلقى چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، قەدىمكى زامانلاردا ئاساسەن ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەنىكەن، ئۇلارنىڭ مازار ـ ماشايىخلارغا بولغان ئېتىقادى ناھايىتى كۈچلۈك. قانداق مازار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىنى ئۇلۇغلايدۇ. بولۇپمۇ «ئوردا خېنىم»، «قىزىلجى خېنىم»، «تاياق ئاتتى مازار»، «قويلۇق ئاتام» قاتارلىق مازارلارغا بەكرەك تاۋاپ قىلىدۇ.

ئات ـ ئېشەك مىنىپ «تاياق ئاتتى مازار» ① دىن ئۆتكەن دولانلار ئاتايىتەن تاياق ئېتىپ مازارغا بولغان ئېتىقادىنى ئىپادىلەيدىكەن. باشقا يۇرتتىن بۇ جايغا كەلگەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ بۇ ئادىتىنى كۆرۈپ «ئاچا توغراقنى كۆرۈپ مازار غوجام دېگەن دولان، قاشقا توڭگۇزنى كۆرۈپ مېنىڭ كالام دېگەن دولان» دەپ قوشاقىقا قاتقانىكەن.

دولان خەلقى سەنئەت سۆيەر، ناخشا ـ ئۇسسۇل، مەشرەپكە ئامراق خەلق. سىرتتىن مېھمان كەلسە قوي سويۇپ «ئۇچا» تارتىپ كاتتا زىياپەت تەييارلاپ «دولان مەشرىپى» ئۆتكۈزۈپ مېھمان قىلىدۇ.

بىر كۈنى دولاندىكى ھەزىلكەش قوشاقچى بايچەك باينىڭ ئۆيىگە مېھمان كەپتۇ. ئۆي ئىگىسى لەيلىخان مېھمانىنى كۆرۈپ بايچەك بايغا:

ئۆيگە مېھمان كەپتۇ،
ئاش ئېتەيمۇ بەگچەك؟
نان ياقايمۇ بەگچەك؟
كاۋاپ ئېتەيمۇ بەگچەك؟


2005.5

دەپ سوراپتۇ. بايچەك باي ئايالىغا:

قارا قوينى سويايلى،
گۆش سېلىپ خولۇپ ئەت.
قالغىنىنى ئۆزۈلۈك بىل،
خۇدايىم بەرگەن لەيلەك.

دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇ قوشاقنى ئاڭلىغان مېھمانلار ئۇلارنىڭ ئۇستا قوشاقچى ئىكەنلىكىگە ھەم مېھماندوست ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇشۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەكىت ناھىيىسىدىن مۇھەممەد تۇردى.

## غوجاھاشىمخان ھەققىدە رىۋايەت

دولان خەلقى «بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىز دەرۋىتتىن كەلگەن» دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە قەدىمكى زاماندا يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىندا بۇك - باراقسان توغراقلىق، چىغانلىق، يۇلغۇنلۇق ئۆسكەن بولۇپ يەرلىرى ئىنتايىن مۇنبەت، سۇلىرى ئەلۋەك، ياۋايى ھايۋانلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. «دەرۋىت» دېگەن جايدىن غوجا ھاشىمخان ئىسىملىك بىر كىشى نۇرغۇن كىشىلەرنى باشلاپ بۇ يۇرتقا ئۇۋ قىلىشقا كەپتۇ.

ئۇۋچىلار غوجا ھاشىمخاننىڭ باشچىلىقىدا جاڭگال، توغراقلىق، چىغانلىق، يۇلغۇنلۇقلارنى ئارىلاپ ئۇۋ قىلىپتۇ. ئۇۋ قىلغاندىمۇ مول قىلىپتۇ. ئۇۋ قىلغان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلار مىنىپ كەلگەن ئاتلىرى كۆتۈرەلمەي قاپتۇ. بۇ يەرنىڭ ئۇۋچىلىق ۋە دېھقانچىلىققا باپ كېلىدىغان مول تەبىئىي شارائىتىغا قاراپ قايتىپ كېتىشكە كۆزى قىيمىغان بىرقانچە ئون «دەرۋىت»لىك ئۇۋچىلار مۇشۇ زېمىندا ئولتۇراقلىشىپ قېلىشقا غوجا ھاشىمخاندىن ئىجازەت ئېلىپ، گەمە كولاپ ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ، غوجاھاشىمخان بىر قىسىم ئۇۋچىلارنى ئېلىپ قايتىپ كېتىپتۇ.

ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇۋچىلار توغراق، چىغان، يۇلغۇنلارنى كېسىپ بىنام ئېچىپتۇ. ئۆستەڭ چېپىپ دەريادىن سۇ باشلاپ كېلىپ يەرلەرنى سۇغىرىپتۇ. ئېلىپ كەلگەن ئۇرۇق - تۆلۈكلەر ئىچىدە ئاز - تولا بۇغداي بار ئىكەن، بۇغداينى يەتكەن يەرلەرگە چېچىپ بۇغداي تېرىپتۇ. كېيىنچە بۇ جايىنىڭ ئىسمى «ئوي بۇغداي» ② دەپ ئاتىلىپتۇ، يەنە بىر يىلى غوجاھاشىمخان يەنە نۇرغۇن ئۇۋچىلارنى باشلاپ كېلىپ ئۇۋ قىپتۇ. بۇ قېتىم نۇرغۇن بۇغداي، قوناق، كېۋەز، چامغۇر قاتارلىق زىرائەت ئۇرۇقلىرىنى ئېلىپ كەلگەنىكەن، يەرلەرگە ئۇرۇق چېچىپ دېھقانچىلىق قىلىپتۇ، دەرياغا يېقىن بىر جايدا چامغۇر ناھايىتى ئوخشىغانىكەن، بۇ جاينىڭ ئىسمىنى «چامغۇرلۇق» ③ قويۇپتۇ. يەنە بىر جايغا كېۋەز تېرىغانىكەن، كېۋەز مايسىلىرى ئوخشاپ، پاختىدىن پاتمان - پاتمان ھوسۇل ئاپتۇ، بۇ جاينىڭ ئىسمىنى «پاختىلىق» دەپ ئاتاپتۇ.

ئەسلىدىنمۇ بۇ يۇرتتا نۇرغۇن ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارمۇ چارۋا باقىدىكەن. ئۇۋچىلىق، بېلىقچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىكەن، ناخشا - ئۇسسۇل، مەشرەپكە ئامراق ئىكەن، ھەر كۈنى مەشرەپ بولۇپ تۇرىدىكەن، لېكىن دېھقانچىلىق قىلىشنى بىلمەيدىكەن، ئاشلىق ئىنتايىن قىس ئىكەن. ئۇلار غوجاھاشىمخاننىڭ يېتەكچىلىكىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ، باغۋەنچىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپتۇ. يىللار ئۆتۈپ بۇ يۇرت ناھايىتى ئاۋاتلىشىپتۇ، سىرتتىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىدىغانلار كۆپىيىپتۇ، ئاستا - ئاستا كىچىك بازارلار پەيدا بوپتۇ. سودا - سېتىق، ئېلىم - سېتىم ئىشلىرى راۋاجلىنىپ خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن پاراۋانلىشىپتۇ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن خەلق غوجا ھاشىمخاندىن رازى بوپتۇ.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن غوجا ھاشىمخان قېرىپ - مۈكچىيىپ ھالىدىن كېتىپتۇ. بىر كۈنى غوجاھاشىمخاننىڭ يۇرتى «دەرۋىت»دىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى چۈشكە كىرىپتۇ. يۇرتنى، يۇرتتىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى، دوست - بۇرادەرلىرىنى سېغىنغان غوجاھاشىمخان سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ. يۇرتتىكى خەلق غوجاھاشىمخاننىڭ قايتىپ كېتىشىگە چىدىماي ئالدىنى توسۇپ يالۋۇرۇپتۇ. غوجاھاشىمخان خەلققە تەسەللى بېرىپ، يۇرتىغا بېرىپ يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. يۇرت بېگى:

— غوجا ھاشىمخان، بۇ يۇرتقا كېلىپ پۇقرالارغا كۆپ ئاتىدارچىلىق قىلغان ئىدىڭىز، ئەمدى كەتسىلە قاچان قايتىپ كېلەرلا؟ يۇرت ئۆزلىرىگە بەكمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى، — دەپ سوراپتۇ.

غوجاھاشىمخان يۇرت خەلقىگە پەقەت چىدىماي:

— مەن كەتكەندىن كېيىن يولۇمغا قاراڭلار، قۇم

چېچەكلىگەندە، تۆگە قۇيرۇقى يەرگە يەتكەندە، قوينىڭ
دۇمبىسىدە قۇشقاچ ئۇۋىلىغاندا قايتىپ كېلىمەن،ــــ دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ ـ دە، يولغا راۋان بوپتۇ.
شۇنىڭدىن بۇيان دولان خەلقى دائىم غوجاھاشىمخاننىڭ يولىغا قارايدىكەن. يازدا قۇمنىڭ چېچەكلىشىــــگە، كۈزدە تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكەن ـ تەگمىگەنلىكىگە، قىشتا قوينىڭ دۇمبىسىدە قۇشقاچ ئۇۋىلىغانــــ ئۇۋىلىمىغانلىقىغا قارايدىكەن.
شۇنىڭدىن تارتىپ غوجاھاشىمخان ھەققىدىكى رىۋايەت دولان خەلقى ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئېغىــــزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ ھېكايە، چۆچەك بولۇپ تارقىلىپتۇ. قوشاقچىلار مۇنداق دەپ قوشاق توقۇپ ئۆي ـ ئۆيلەردە، مەھەللە ـ مەھەللىلەردە ئوقۇشۇپ يۈرۈپتۇ.

«دەرۋىت» دىن كېلىپ يەر ئاچقان غوجام،
بۇغداي تېرىپ ئاش ئالغان غوجام.
ئوتياش تېرىپ ياشناتقان غوجام،
قادىر ئاللا بىزگە بەخت يار قىلغان غوجام.

«چامغۇرلۇق»دا ئىزىڭىز قالدى غوجام،
«ئوي بۇغداي»دا ئېشىڭىز قالدى غوجام.
«پاختىلىق»دا ئىگىرگەن يىپىڭىز قالدى غوجام،
توشەمىزدە ④ تاتلىق سۆزىڭىز قالدى غوجام.
«دەرۋىت» دېگەن نەدە دەپ يولغا قارايمىز غوجام،
تۆگە قۇيرۇقى يەرگە تەگدىمۇ دەپ يەرگە ھەم قارايمىز غوجام.
قۇشقاچ ئۇۋىلىدىمۇ دەپ قوي دۇمبىسىگە قارايمىز غوجام،
سىزگە ئاللادىن ھەر كۈنى قۇت تىلەيمىز غوجام.

## مەكىت ھەققىدە رىۋايەت

1

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە: بۇرۇنقى زاماندا، تەكلىماكاندا ناھايىتى باياشات، گۈزەل، روناق تاپقان، ھەممە يېرى ئالتۇن، كۈمۈش بىلەن تولغان شەھەرلەر بار ئىكەن.
زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەرنىڭ تائەت ـ ئىبادىتى ئاجىزلاپ، ئىمانى سۇسلىشىپ، ئۆزئــارا جېدەل ـ ماجىرالار كۆپىيىپ، ئىنساپ يوقىلىشقا باشلاپتۇ. ئەتراپنى بۇلاڭ ـ تالاڭ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى قاپلاپ كەتكەن بىر كۈنى كېچىسى، ئۇشتۇمتۇت ئاسماندىن قۇم ـ بوران چىقىپ، نەچچە كېچە ـ كۈندۈز قۇم يېغىشقا باشلاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاشۇ شەھەرلەرنىڭ بىرىدە ئېتىقادنى يوقاتماي، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئادەملىرى تولىمۇ ئاق كۆڭۈل بىر قوۋم بولۇپ، ئۇلار ئاللاتائالادىن بۇ بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇشقا مەدەت تىلەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا شۇئان ئاپئاق ساقاللىق بىر بــوۋاي پەيدا بولۇپ: «ئاللاتائالا بۇ ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلمىغان ئاسىي بەندىلەرگە غەزەپلىنىپ، قۇم ياغدۇرۇش بالاسى بەردى، سىلەر بولساڭلار ئۆز نېسىۋەڭــلــەرگــە شۈكۈر قىلىپ، ئاللاتائالانى ئەستىن چىقارمىغىنىڭلار ئۈچۈن، ئاللاتائالا سىلەرنى بۇ بالا ـ قازادىن ساقلاپ قېلىشنى ئەمر قىلدى» دەپ قولىدىكى ھاسا تــايــاقــنى يەرگە سانجىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەشنى، ھــاســا چۈكۈپ كەتسە يەنە تارتىپ چىقىرىپ، يىقىلىپ چۈشمەستىن داۋاملىق چۆرگىلەشنى، قۇم يېغىش توختىغاندىن كېيىن كۈن پېتىشقا قاراپ مېڭىپ، سۈيى ئەلۋەك، يېرى مۇنبەت بىر جايغا ئورۇنلىشىشنى بۇيرۇپتۇ، شــۇنــداق قىلىپ بۇ قوۋمدىكى كىشىلەر قول تۇتۇشۇپ، ھېلىقى كىشى بەرگەن ھاسا تاياق ئەتراپىنى چۆرگىلەپ يەتتە كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن قۇم يــېــغــىش توختاپتۇ. لېكىن ئەتراپىنى پۈتۈنلەي قۇم بېسىپ، شەھەرلەردىن ھېچقانداق ئەسىر قالماپتۇ. چۆرگىلەۋېتىپ يىقىلىپ چۈشكەن نۇرغۇن كىشىلەرمۇ قۇم ئاستىدا قېلىپ، پەقەت يەتتە ئادەملا ساق قېلىپ، كۈن پېتىشقا قاراپ مېڭىپ ئاران دېگەندە بىر دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەردە ياشايدىغان خەلق ناھايىتى مېھمــانــدوست، مەرد كىشىلەر ئىكەن. ئۇلار بۇ مۇساپىرلارغا ئاۋۋال ئوزۇق ـ تۈلۈك بېرىپتۇ. كېيىن ئۆزلــرىــنــىڭ ئۆي ـ ماكانلىرىنى بوشىتىپ بېرىپ كۆچۈپ كېتىپــتــۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي «مەردلەر كۆچكەن جاي» دېگەن مەنىنى بېرىدىغان «مەرتېگىن» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپتۇ.
ئۇزاق يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ نام ئاستا ـ ئاستا «مەرگېت»، «مەركىت»، «مەكىت» دېگەن نامــلارغــا ئۆزگىرىپ كىشىلەر تەرىپىدىن «مەكىت» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ. «مەكىت» دېگەن نام شۇ رىۋايەتتىن قالغانىكەن.

2

مەكىت خەلقى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا چىڭگىزخان قوشۇنىنىڭ سانغۇنى

چىن ئۆز قوشۇننى باشلاپ كېلىپ مەكىت ناھىيىسىنىڭ «ھاڭغېتلىق» دېگەن يېرىگە چۈشكۈن قىپتۇ. چىن قوشۇنى چۈشكۈن قىلغان جايىنى مەكىت خەلقى «قالماق جىلغىسى» دەپ ئاتاپتۇ.

چىن قوشۇنلىرى «قالماق جىلغىسى»نى تايانچ بازا قىلىپ، مەكىت خەلقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ خەلقنى تۇتقۇن قىلىپ ئېغىر ئەمگەككە سېپتۇ ۋە ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپتۇ. خوتۇن ـ قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلىپتۇ. مال ـ كالىلارنى بۇلاپ ـ تالاپ، ئۆلتۈرۈپ يەپ، مەركىت زېمىنىنى قۇرۇتۇۋېتىپتۇ. چىنىنىڭ زۇلۇمىغا چىدىمىغان ئەل ـ يۇرت پالۋان يىگىت مەركىت گېۋرىنىڭ باشچىلىقىدا جەڭگە ئاتلىنىپ چىن قوشۇنىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپتۇ. جەڭ ئىنتايىن كەسكىن، مۇشكۇل ۋە جاپالىق بوپتۇ. نۇرغۇن ياشلارنىڭ قېنى دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ. شۇ قېتىمقى جەڭدە مەركىت گېۋرى ئىنتايىن باتۇرلۇق كۆرسىتىپتۇ. مەركىت گېۋرى نەچچە يىل خەلقنى باشلاپ جەڭ قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى چىن قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپتۇ. چىن چىننى ئۆلتۈرۈپ كۆمگەن جاينىڭ ئىسمى «مازارى چىن»، «چىن دەيدىغان مازىرى» ⑤ دەپ ئاتىلىپتۇ.

چىن قوشۇنى مەركىت گېۋرى تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن مەركىت گېۋرىنىڭ نامى ئەل ئىچىدە شۆھرەت قازىنىپ «دولاننى مەركىت ئاپتۇ، دولان مەركىتنىڭ شەھىرىگە ئايلىنىپتۇ» دېگەن سۆز ـ چۆچەكلەر تارقىلىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن خەلق مەركىت گېۋرىنىڭ باتۇرلۇق ۋە خەلق سۆيەر ئۇلۇغ ئوبرازىنى مەڭگۈ خەلق قەلبىدە ئابىدە قىلىپ تىكلەش ئۈچۈن بۇ جاينىڭ ئىسمىنى «مەركىت» دەپ ئاتاپتۇ. مەركىت گېۋرى ئۆلگەندىن كېيىن كىشىلەر بۇ قەھرىماننى مەكىت بازىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى «داۋزاقۇم»غا دەپنە قىلىپ گۈمبەز ياساپتۇ. بۇ گۈمبەز يېقىنقى يىللارغىچە ساقلىنىپ «مەركىت گېۋرى گۈمبىزى» دەپ ئاتىلىپتۇ.

يىللار ۋە زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن خەلق بۇ مىللىي قەھرىماننى مەڭگۈ ياد ئېتىپتۇ. «مەركىت» دېگەن نام ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، تىللاردا داستان بولۇپ كۈيلىنىپ، كېيىنچە «مەكىت»دېگەن سۆزگە ئۆزگىرىپتۇ. مەكىت ناھىيىسىنىڭ نامى شۇ رىۋايەتتىن قالغانىكەن.

① «تاياق ئاتتى مازار» مەكىت ناھىيىسىنىڭ «قىزىل ئاۋات» يېزىسىدا.

② «ئوي بۇغداي» مەكىت ناھىيىسى «يانتاق» يېزىسىدىكى كەنت ئىسمى.

③ «چامغۇرلۇق» مەكىت ناھىيىسى «بازار جەمى» يېزىسىدىكى بىر كەنت ئىسمى.

④ توشەمىز ـــ مەيدىمىز كۆڭلىمىزدە سۆزىڭىز قالدى دېگەن مەنىدە.

⑤ «چىن دەيدىغان مازىرى» مەكىت ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى مازارنىڭ نامى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەكىت ناھىيىسىدىن قادىر ھوشۇر

توپلىغۇچى: مۇتەللىپ سىيىت

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتىمىن

## ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تەتقىقات، ئۆرپ ـ ئادەت، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، خەلق ناخشىلىرى، مۇقام، خەلق ئويۇنلىرى، مەشرەپلىرى، قول ھۈنەر ـ سەنئەت، دىنىي ئېتىقاد... قاتارلىق مەزمۇنلاردا ماقالە ئېلان قىلىنىدۇ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئۈنۋان باھالاشتا ئېتىراپقا ئېرىشىدۇ. شۇڭا ئاپتورلارنىڭ بىز بىلەن يېقىندىن ئالاقە قىلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

تېلېفون نومۇرى: (0991) ــ 4554017



# مەسئۇلىيەتسىز كۆيۈمنىڭ كېرىكى يوق

پاتەمنىسا داۋۇت

مەتروزى نۇرنىنىڭ «دادا، ئەمدى سىزدە ئوقۇيمەن» ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇشتىن تۇغۇلغان ئويلار)

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىللىق 6 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «دادا، ئەمدى سىزدە ئوقۇيمەن» ناملىق ئەسەرنى ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ ئوقۇپ بېرىشى بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن ژۇرنالدىن بىرنى سېتىۋېلىپ قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقتىم. ئەسەر قىسقا، پەقەت ئىككى بەت، ئەمما ئەسەرنىڭ ۋەزنى ئېغىر. ئەسەرنىڭ تىلى ئاددىي، چۈشىنىشلىك ئەمما ئاشۇ ئاددىي تىلنىڭ كەينىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقىنى ئادەمنى چوڭقۇر ئويلىنىشقا، مۇلاھىزە قىلىشقا، پىكىر قىلىشقا ھەم پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ئۈندەيدىغان ھەم ئويلىمساق، پىكىر يۈرگۈزمىسەك بولمايدىغان مەسىلە.

ئەسەردە ئاپتور «ئۆزى» (يەنى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 26 ياشلىق يىگىت) بىلەن دادىسىنى سېلىشتۇرۇپ، «دادا، ئەمدى سىزدە ئوقۇيمەن» دېيىش ئارقىلىق ئالدىمىزغا چوڭ بىر مەسىلىنى تاشلىغان. ئۇنداقتا بۇ مەسىلە قايسى؟ بۇ مەسىلە دەل بىزدىكى مەكتەپلەر مائارىپى ۋە ئائىلە مائارىپىنىڭ بۈگۈنى.

ھەممىمىزگە مەلۇم، مائارىپ—ئادەم تەربىيىلەيدىغان ئىجتىمائىي پائالىيەت جەريانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ تەربىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ئۈچ تەرەپ تەربىيىسى تەلىم - تەربىيە جەريانىدا بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بىر شەخسنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش جەريانىدا بۇ ئۈچ تەرەپ تەربىيىسىنىڭ ئۆزىگە خاس رولى بار. ئۇنداقتا دۇنيا ئېلېكترون، ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم قويغان، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولۇۋاتقان، مەۋجۇتلۇقنى ساقلاش قىيىنلىشىپ كەتكەن، يەر شارىلىشىش قىممەت قارىشىمىز، ئەخلاق قارىشىمىز، ئېتىقادىمىزغا توختاۋسىز تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ مەكتەپلەر مائارىپىمىز، ئائىلە مائارىپىمىزنىڭ ئەھۋالى زادى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ بۇ ئىككى مائارىپ ئەۋلادلارغا نېمىنى بېرەلىدى، نېمىنى بېرەلمىدى؟ ئىككىسى ماسلاشتىمۇ يوق؟ ھەر ئىككىسى ھەر بىر ئەۋلادنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەم كۆرسىتىۋاتىدۇ؟ تەربىيىلەۋاتقان ئەۋلادلىرىمىز قانداق قىممەت قارىشىغا، ئېتىقادقا ئىگە بولۇۋاتىدۇ؟ مانا بۇ بىز

ئويلىمساق، مۇھاكىمە قىلمىساق بولمايدىغان مەسىلىلەردۇر. ئەسەردە دەل مۇشۇ تېمىلار ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بولۇپ بۇ جەھەتتە ساقلانغان ئەجەللىك ئاجىزلىقلار ياخشى ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، بىزنىڭ مەكتەپلەر مائارىپىمىزدا ئۇزاقتىن بۇيان باشلانغۇچ مەكتەپتىن تاكى ئالىي مەكتەپكىچە بولغان بىر پۈتۈن سىستېما ئىچىدە ئوقۇتۇشىمىز تەييار بىلىملەر دۆۋىسى بولغان كىتاب ۋە تۆت تام بىلەن قورشالغان سىنىپ ئارقىلىقلا ئېلىپ بېرىلدى. نەزەرىيىۋى بىلىملەر تەكرار ـ تەكرار سۆزلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسى نەزەرىيىۋى بىلىم ئامبىرىغا ئايلىنىپ، ئون نەچچە يىللىق ئوقۇش جەريانىدا ئىمتىھانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆگىنىدىغان، ئۆلچەملىك جاۋابلار ئارىسىدا تېپىرلاپ يۈرىدىغان ھالەت شەكىللەندى. بالىلارنىڭ خاسلىقى، قىزىقىش ـ ھەۋەسلىرى، ئىنتىلىدىغىنى نەزەردىن ساقىت قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئۆگەنگىنى، ئۆگىنىدىغىنى ئۆز رېئاللىقى، ياشاۋاتقان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىدى. باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن ئاتا ـ ئانىسىدىن تىنماي سوئال سوراپ، چۇرقۇرۇشۇپ يۈرۈيدىغان سەبىيلەر مەكتەپكە كىرگەندىن باشلاپ كىتابىي بىلىملەرگە مەھكەم يېپىشىپ ئاستا ـ ئاستا تەسەۋۋۇر ـ خىيال قانىتى، تەپەككۇر قانىتى بوغۇلۇشقا باشلىدى. تەپەككۇر يېڭىلىقى، ئىجادىيلىق، يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋۇجۇدلاردىن يىراقلاشتى، ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ بارىمىز دەپ كۈچەپ جار سالساقمۇ ئەمما تەربىيىلەنگۈچىلەرگە ئىنسانپەرۋەرلىك، ئەدەپ ـ ئەخلاق، شەرمى ـ ھايا، باتۇرلۇق، جاسارەت، غۇرۇر تەربىيىسى، مۇھىت ئېڭى، تەبىئەت قارىشى، مۇستەقىللىق ئېڭى يېتىلدۈرۈش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشىمىز يېتەرلىك بولمىدى. ئارىمىزدا ئۆگەنگەن بىلىمى بىلەن ئۆزى ياشاش جەريانىدا دۇچ كەلگەن ئاددىي بىر مەسىلىنى ھەل قىلالمايدىغانلار، نەچچە يىل ئۆگەنگەن ئەدەبىيات بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ بىرەر بەتلىك ئىلتىماس، بىرەر بەت ماقالىنى قاملاشتۇرۇپ يازالمايدىغانلار، يىللاپ ئۆگەنگەن فىزىكا بىلىمىدىن پايدىلىنىپ ئاددىي توك ھادىسىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغانلار ... نۇرغۇن. مانا ئەمدى ئەسەردە تىلغا ئېلىنغاندەك ئەتراپىمىزدا (ئەلۋەتتە ئۆزىمىزمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) «مەھەللىدە توي ـ تۆكۈن بولسا پۇلۇدىن كېيىنلا قايتىدىغانلار»، «دادام ۋاپات بولغۇچىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ تاۋۇتىنى كۆتۈرۈپ قايتىمسا مېنىڭ ئۇنداق جايلاردا كۆلۈپ سالمىغىمنىڭ ئۆزى بىر ئىش ...» دەيدىغان، ۋۇجۇدىدا ئىنسانپەرۋەرلىك، مېھىر ـ مۇھەببەت، مېھىر ـ شەپقەت تۇيغۇسى سۇسلىشىپ كەتكەنلەر، «مەن سەھرا قويىدا چوڭ بولۇپمۇ توخۇ بىلەن قويدىن باشقا ھەممىدىن قورقىمەن»، «كەچ كىرىشى بىلەن تالا ـ تۈزگە چىقىشتىنمۇ قورقىمەن» دېگەن سۆزنى بىمالال دېيەلەيدىغان توخۇ يۈرەكلەر، «مەن توپتوغرا 26 ياشقا كىردىم، مېنىڭ ئۆز پۇلۇمغا ئالغان بىرەر ۋېلسىپىتىممۇ يوق» دەيدىغان، يىگىت بولۇپ يېتىلگەن تۇرۇپمۇ ياشاش يولىدا تىردىشىپ ـ تىرمىشىپ باقمايدىغان مۇستەقىللىق روھى كەمچىل ئادەملىرىمىز سامانىدەك.

ئەلۋەتتە، مەن يۇقىرىقىلارنى دېيىش ئارقىلىق مەكتەپلەر مائارىپىنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەس ھەم مەكتەپلەر مائارىپىنى ئىنكار قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. بىز مەكتەپلەر مائارىپى ئارقىلىق پەن ـ تېخنىكا ئىگىلەيمىز، ئەجدادلار قالدۇرغان پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىلمىي يوسۇندا ئۆگىنىمىز، شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنى، دۇنيانى چۈشىنىمىز، بىلىمدىن ئىبارەت قۇدرەتلىك قورالغا ئىگە بولىمىز، قىسقىسى مەكتەپلەر مائارىپى بىزنىڭ بۈگۈنىمىز ۋە ئەتىمىز ئۈچۈن، مەۋجۇتلۇقىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

ئابدۇقادىر جالالىدىن مۇئەللىمنىڭ بىر قېتىملىق نۇتقىدا تىلغا ئېلىنىشىچە:

«مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەنىكەن:

«مەكتەپنىڭ رولى: ① خاسلىق يېتىلدۈرۈش، ② مەلۇم مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش، ③ قىممەت قاراش يېتىلدۈرۈشنىڭ ۋاستىسى».

بىز مەكتەپلىرىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالى، تەربىيىلىنىۋاتقان ئەۋلادلارنىڭ تەقدىر ـ قىممىتى، جەمئىيىتىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان ئەخلاق ئېتىقاد كىرىزىسى ئۈستىدە يۇقىرىقى كىتابتا ئېيتىلغىنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلاپ باقساقلا ئۆزىمىزنىڭ نېمىدە كەتكۈزۈپ، نېمىنى يوقىتىپ قويغىنىمىزنى، مائارىپىمىزنىڭ نېمىلەرنى قىلغىنىنى ۋە قىلىۋاتقىنىنى ھەر ھالدا ھېس قىلالايمىز. «دادا، ئەمدى سىزدە ئوقۇيمەن» دېگەن بۇ ئەسەر مەكتەپلەر مائارىپىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى، مەكتەپلەر مائارىپىنىڭ قىلالمىغانلىرىنى ۋە قىلىشقا تېگىشلىكنى بىزگە ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

ئەمدى مەن «دادا، ئەمدى سىزدە ئوقۇيمەن» ناملىق ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا ھېس قىلغان، ئويلىغان يەنە بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتەي: ئادەم پۈتكۈل ھاياتىدا

ئائىلىدىن ئايرىلالمايدۇ، بىز ئائىلىدە ئاپىرىدە بولۇپ، ئاتا ـ ئانا قېرىنداشلىرىمىزدىن ئېرىشكەن مېھىر ـ مۇھەببەت بۆشۈكىدە ئۆسۈپ ـ يېتىلىپ مۇستەقىل بولۇپ ئۆز ئالدىمىزغا ئائىلە قۇرىمىز، پەرزەنتلىك بولىمىز، پەرزەنتلىرىمىزگە بىزمۇ ئاتا ـ ئانىمىز بىزگە بېغىشلىغاندەك ئەڭ خالىس مېھىر ـ مۇھەببىتىمىزنى بېغىشلايمىز، ئائىلىدىن ئېرىشكىنىمىزنى ئائىلىگە بېغىشلايمىز.

ئۇنداقتا ئائىلە تەربىيىسى ئادەمنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشى، خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى قاتارلىقلاردا قانداق رول ئوينايدۇ؟ ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئاتىلىق، ئانىلىق مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن بالىغا مېھىر ـ مۇھەببەتنى قانداق شەكىلدە، قايسى ئۇسۇلدا، قانداق ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن يەتكۈزۈشى كېرەك؟

بىزنىڭ ئائىلە مائارىپىمىز نېمىلەرنى قىلدى ۋە نېمىلەرنى قىلىشى كېرەك؟

ئەسىردىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىگىت 26 ياشقا كىرگەن بۈگۈنكى كۈندە ئاخىر دادىسىدا ئوقۇش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇنىڭدىكى ئىنسانىي كەمتۈكلۈكلەرنى ئاشۇ مېھرىبان، ئىشچان، ئاق كۆڭۈل، خالىس نىيەت دادىمۇ ئويلىمىغان ئىكەن. يىگىت دادىسىدىكى ئىنسانىي خىسلەتلەرنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىن بارا ـ بارا يىراقلاپ كېتىۋاتقىنىدىن ئازابلىنىپ «مەن يېڭىۋاشتىن شۇ جاپاكەش دادامدا قايتا ئوقۇسام بولغۇدەك ... ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئۆزۈمنى تارتىمەن» دەپتۇ. بۇ يەردە ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان يەنە بىر مەسىلە بار، يەنى، ئاشۇ جاپاكەش دادا ئوغلى 26 ياشقا كىرگىچە ئۇنىڭدا يېتىلىۋاتقان خاراكتېرگە دىققەت قىلمىغانمىدۇ؟ ئۇنىڭغا كۆيۈم، مېھرىبانلىق تەربىيىسى بەرمىگەنمىدۇ؟ «كۈندۈزگە قانداق مۇئامىلە قىلسا كېچىگىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىش»قا، «كېچىلىرى قورقماي تالاغا چىقىش»قا يېتەكلىمىگەنمىدۇ؟ مال سويغاندا، گۆلگە كەلتۈرۈپ ئۇلاق ئۇلىغاندا، كۆچەت قويغاندا ... بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ شۇ ئىشلارنى قىلىشنى ئۆگەتمىگەنمىدۇ؟ دۇتار، تەمبۇرلارنى راسا سازلاپ چالغاندا ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسىنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ باقمىغانمىدۇ؟ ئات چېپىپ، ئوغلاق ئوينايدىغان دادا بالىسىغا توخۇ، قويدىن باشقا ھايۋانلارنى شۇ قوينى كەڭ سەھرادا بېقىشنى، ئۇلارغا يېقىنلىشىشنى، ھېچبولمىغاندا ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىدىكى ئايرىلماس ھايۋان ـ ئېشەككە مىنىشنى بولسىمۇ ئۆگىتىپ قويالمىغانمىدۇ؟ يېزىنىڭ چىرايلىق ئايدىڭلىرىدا، سۇ تۇتقان كېچىلەردە، خامانلىقتا، ياۋا باققان جاڭگاللىقلاردا، بوغدايلىقتا، قوناقلىقتا، باغلاردا، دالىلاردا ... قىسقىسى ئادەمنى تەبىئەتنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان يېزا تۇرمۇشىدا بۇ يىگىت 26 يىل جەريانىدا يۇقىرىقىلارنى پەقەت ئۆگىنەلمىگەنمىدۇ؟

ئەجەبا، شۇلارنىمۇ مەكتەپ مائارىپى ئۆگىتىشى كېرەكمۇ؟ بۇ يەردە ئائىلە مائارىپىنىڭ رولى نەدە قالدى؟ ئىككى خىل تەربىيە ئاستىدىكى شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقىچۇ؟

راست، ئۆتمۈشتە بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ھازىرقىدەك ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە مەكتەپلەردە ئوقۇمايمۇ نۇرغۇن بىلىملەرنىڭ بىر قىسمىنى ئاتا ـ ئانا، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپتىكەن، يىگىتلىرىمىز باھادىر، مەرد، قولى گۈل، غۇرۇرلۇق، قىزلىرىمىز شەرمى ـ ھايالىق، چېۋەر ـ چاققان، ئىشچان بولۇپ يېتىشىپتىكەن، ئۇۋ ئوۋلاش، جانبازلىق، چەۋەندازلىق، مىسكەرلىك، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالايتىكەن. بوۋا ـ مومىلىرىنىڭ ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئېيتقان پەلسەپىۋى ھېكمەتكە، سېھرىي تەركىبكە باي رىۋايەت، چۆچەك، داستانلىرىدىن روھىي ئوزۇق ئېلىپ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىپ، گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمان، تىلەكلەر بىلەن ئەتە ئۈچۈن كۈرەش قىلالايدىغان باتۇر ئوغلانلار يارىلىپتىكەن. ئۇلار قالدۇرغان ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن بىز پايدىلىنىپ، پەخىرلىنىپ يۈرۈپتىمىز، ئەمما ھازىرچۇ؟

بىزدە ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر مەسىلە ئائىلە مائارىپىدىكى سۇسلۇق، بىپەرۋالىقتۇر.

ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ بىرىنچى ئۇستازى، ياخشى ئائىلە مۇھىتى بالا ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مەكتەپ. بالىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى، ئەخلاق قارىشى، قىممەت قارىشى، ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ يېتىلىشىدە ئائىلە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ بۇ جەھەتتىكى يېتەكچىلىك رولىغا ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

بىزنىڭ رېئاللىقىمىز قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ بىز ھازىر شۇنچىلىك بىغەم، بىپەرۋا بولۇپ كەتتۇقكى، بالا تۇغۇلدى، ئۇنى ياخشى كىيىندۈرۈش، ياخشى يېگۈزۈش، يېشى توشسا مەكتەپكە مەجبۇرىي ياكى ئىختىيارىي ئاپىرىپ بېرىش، بالام مەكتەپتە دەپ ئۇنىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن كارى بولماي، بالىنىڭ تەربىيىلىنىشىنى مەكتەپكىلا تاشلاپ قويۇش، بالىدا قانداق خاراكتېر يېتىلىۋاتىدۇ، نېمىنى ئۆگىنىۋاتىدۇ، نېمىگە قىزىقىۋاتىدۇ، نېمىلەرنى ئويلاۋا-

تىدۇ، بۇلار بىلەن كارى بولماسلىق ... بىزدە ساقلىنىۋاتقان ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر.

بىرلىرىمىز بەزمە، قاتار چايدا ئالدىراش، بىرلىرىمىز «رەڭلىك ئولتۇرۇش»نىڭ دەردىدە ئاۋارە، بىرلىرىمىز قىستاپ كېلىۋاتقان ئىقتىسادىي بېسىملەر غېمىدە، بىرلىرىمىز ئېتىز ـ ئېرىق، باغ ـ ۋاران ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ... ئۆيدىكى پەرزەنت نېمە كويدا، بۇنى ئويلاشقا ۋاقىت يوق، خۇددى بالا مەكتەپنىڭ بالىسىدەك، ئۇنىڭ تەقدىر ـ ئىستىقبالى بىزگە مۇناسىۋەتسىزدەك، «بىر ئەۋلادنىڭ تەربىيىۋى رولىنىڭ تاشلىنىشى كېيىنكى بىر ئەۋلاد ئۈچۈن قېزىلغان زىندان، پەرۋاسىزلىق يېڭى بالا ـ قازاغا ھامىلدار» ① بۇ خىل بىپەرۋالىق، بىغەملىك قانداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟ بۇ، ئەسەردە ئېيتىلغاندەك قورساقتىكى ئۇماچ ئۆزىگە ئايان، كۆيۈم، مېھىر ـ شەپقەت، ۋاپانى ئۇنۇتقان، شەخسىيەتچى، مۇستەقىللىق ئېڭى ئاجىز، «توخۇ بوغۇزلاش ئەمەس بەكە تۇتۇشتىمۇ قولى تىترەيدىغان»، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان لايغەزەل، ئىچەرمەن ـ چېكەرمەنلەر كۆپەيسە، ئەتىچۇ؟ ئەتىمىز نېمە بولماقچى؟ بۈگۈنكى كۈندە يامراپ كەتكەن ئەخلاق بۆھرانى، ئېتىقاد ۋەيرانچىلىقىدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باش تارتالمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار، ئەلۋەتتە!

ئۇلۇغ پەيلاسوپىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دېگەن:

«تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز ـ ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيىچى سەن ئۆزۈڭلا بول».

بىز رىئاللىقتىن قاچماي، زارلاشنى قويۇپ، ھەر بىرىمىز ئۆزىمىز ئۈستىدە ئويلىنىپ باقايلى، ئاتا ـ ئانا بولساق ئۆزىمىز ئۈستىدە ئويلىنايلى، ئاتا ـ ئانىلىق مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ بالىغا بولغان ھەقىقىي كۆيۈنۈش زادى قانداق بولىدۇ؟ بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا نېمىلەر بار؟ بالىمىزغا نېمىلەرنى بېرەلىدۇق؟

«ئادەمزاتنىڭ ئادەمىيلىكى ئۇنىڭ ئۇچار قۇشلاردىن يىرتقۇچلارغىچە پۈتكۈل جانلىقلار دۇنياسىدىكى ئاتا ـ ئانا بولغۇچىغا ئورتاق بالا تۇغۇش، ئۇنى ئاچ ـ يالىڭاچلىقتىن ساقلاش، ھىمايىسىگە ئېلىشتا ئەمەس، بەلكى ھاياتنىڭ داۋامى بولغان بالىلىرىنى جاپالىق ئەجىر ـ تەربىيە بىلەن كەلگۈسىدىكى ئانا زېمىننىڭ گۈللەندۈرگۈچى خوجىلىرىغا ئايلاندۇرۇشتا ... رېئاللىقنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرغۇچى رەڭگارەڭ چىراغلىرى ئاستىدا پەقەت توغرا ئائىلە تەربىيىسىلا بالىدىكى بۇ تەبىئىي ئىقتىدارنىڭ خىرەلىشىپ قالماستىن، تېخىمۇ جۇلالىنىشىغا ئاساس سالىدۇ» ② .

بۈگۈن ئوغلىمىز 26 ياشقا كىرگەندە ئۆزىدىكى ئەلەتلەر توغرۇلۇق سۆز ئېچىپ «دادا، ئەمدى سىزدە ئوقۇيمەن» دەپتۇ. ئەتە قىزىمىز ئۆزىنىڭ 26 ياشقا كىرىپمۇ ئۆي تازىلاش، تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇشتەك ئىشلارنىمۇ ئۆگىنەلمىگىنى، ئۆينىڭ تۆر ـ پەگاسىنى ئايرىيالمايدىغانلىقى، سەي ئاقلايدىغان پىچاق، خېمىر يايىدىغان نوغۇچ تۇتالمايدىغىنى، 26 ياشقا كىرگىچە نەچچە يىگىت بىلەن يۈرۈپ ئايرىلىپ بولغانلىقى... قاتارلىقلاردىن ئەپسۇسلانغان ھالدا «ئانا، ئەمدى سىزدە ئوقۇيمەن» دېسە، ئويلاپ باقايلى، بۇ بىز ئۈچۈن پەخىرلىنىدىغان ئىشمۇ ياكى ھاقارەتمۇ، شەرەپمۇ، ئۇيۇلىدىغان ئىشمۇ؟

بىز ئوقۇمساق بولمايدۇ، بالىلىرىمىزنى ئوقۇتمىساق بولمايدۇ، بۇ ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

مەكتەپتە ئوقۇمساق بولمايدۇ، چۈنكى «مەكتەپ خاسىيەتلىك كولدۇرما، ئۇ ئۆزىنىڭ ياڭراق ئاۋازى بىلەن غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغانلارنى چۆچۈتۈپ ئويغىتىدۇ» ③ . «مەكتەپ نۇرانە مەشئەل. ئۇ زۇلمەت ئىچىدە تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرگەنلەرگە پارلاق مەنزىلنى ئايان قىلىدۇ» ④ .

ئائىلىدە ئوقۇمساق بولمايدۇ، چۈنكى ئائىلە بىزگە مەكتەپ تەربىيىسى ئورنىنى بېسىپ بولالمايدىغان نۇرغۇن تەربىيىلەرنى بېرىدۇ.

ئاتا ـ ئانىمىزدا ئوقۇمساق بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ پەرۋىشكارىمىز، مەدەتكارىمىز، ئۇلۇغ ئۇستازلىرىمىز.

بالىلىرىمىزنى ئۆزىمىزدە ئوقۇتمىساق تېخىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ يۈرەك ـ باغرىمىز، بۈگۈنىمىز، شۇنداقلا ئەتىمىز، نەسلىمىزنى نەسلىگە ئۇلىغۇچى ئىز باسارلىرىمىز. ئەمما ئوقۇشىمىزمۇ، ئوقۇتۇشىمىزمۇ بۇرۇن باشلانسۇن، ئوقۇتۇش سۈپىتىمىزمۇ يۇقىرى بولسۇن. ئەپسۇس، نادامەت ـ ھەسرەتلىرىمىز، يۈرەك ـ باغرىمىزنى ئۆرتەيدىغان ئاچچىق ساۋاقلار شۇنداقلا ئازىيار.

①نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن: «كېلەچەك، ساڭا نېمە دەيمىز؟» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىللىق 2 ـ سان)

②نەزىرە مۇھەممەد سالىھ: «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ» 38 ـ بەت.

③ ④ يالقۇن روزى، مىرەھمەد سېيت، ئابلىكىم زوردۇن: «مەمتىلى ئەپەندى» 3 ـ بەت.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى



# بەش مىڭ يىلدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇزغۇنچىلىق









دوك يۇەنلياڭ

2004 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، «جۇڭگو شەھەرلىرى مۇنبىرى بېيجىڭ ئۇچرىشىشى» چۈشتىن كېيىنگە سوزۇلدى، يۈكوڭجيەن ئىسىملىك بىرىنىڭ سۆزلىگەن نۇتۇقى چارچاپ قالغان يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنى بىردىنلا روھلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ نۇرغۇن پروېكسىيە پلىيونكىسى بىلەن گەپنى يۇقىرىدىن تارتىلغان سۈرەتلەردىن باشلىدى.

ـ بۇ مەن 100 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بوشلۇقتىن تارتقان خاڭجۇ، ھەممىلا يەر پىلانسىز سېلىنغان قالايمىقان قۇرۇلۇش، سېمونت ئورمان، قاپلىما ماددا بىلەن تولغان، بوش، تۈز بىرمۇ يەرنى كۆرگىلى بولمىسا، خاڭجۇنى قانداقمۇ كۆرگىلى بولسۇن؟ بۇنىڭ نەرىمۇ باقىي ئالەمدىكى جەننەتكە ئوخشىسۇن؟ بەئەينى دوزاخنىڭ ئۆزى.

ـ بۇ بېيجىڭنىڭ 1984 ـ يىلى بىلەن 2003 ـ

يىلىدىكى سېلىشتۇرما سۈرىتى، شەھەر توختاۋسىز تېز سۈرئەتتە كېڭەيگەن، يەر يۈزىنىڭ ھەممىلا يېرى قۇرۇلۇش رايونى، يەر يۈزى مەنزىرىسىنىڭ زور دەرىجىدە ئۆزگىرىشى كىشىنى ۋەھىمىگە سالىدۇ. كەلگۈسى بېيجىڭنىڭ DBC كومپيۇتېر تەقلىدىي سۈرىتى بىلەن خەلقئارادىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ يەنە بىر رىقابەتچىسى — شاڭخەينىڭ كومپيۇتېر تەقلىدىي سۈرىتىگە قاراپ باقايلى، ئۇلارنىڭ نيۇيورك بىلەن شياڭگاڭنى بىلىش دەرىجىسى كەلگۈسى جۇڭگولۇقلارنىڭ سالاھىيىتى ۋە ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

— بۇلتۇر، «خاسىيەتلىك كېمە 5 ـ » ئالەم بوشلۇقىغا چىقىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئالەمگە چىقىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى، بىراق، ئالەم كېمىسىدىن تارتىلغان بۇ سۈرەتكە قاراپ باقايلى: بىزنىڭ شىمالىمىزدىكى روسىيە ياپىيېشىل، جەنۇبىمىزدىكى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ياپىيېشىل، پەقەت بىزنىڭ ۋەتىنىمىزلا سېرىق رەڭدە. مەن بۇ سۈرەتنىڭ گۈللىنىش ئارزۇسىدا يۈرۈۋاتقان بىر مىللەتنىڭ كۆلپەتلىك ئېڭىنى ئويغىتالىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يۈكوڭجيەن نۇتۇقىنى ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ كەسكىن سۆزلىدى:

— تېز سۈرئەتتە شەھەرلىشىش كېڭىيىپ، ئەسلىدىكى ئېتىز، ئورمان، يايلاقلار يەككە ـ يېگانە قۇرۇلۇش رايونىغا ئۆزگىرىپ كەتتى. زېمىن مەنزىرىسىدە «بەش مىڭ يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان» ئۆزگىرىش يۈز بېرىۋاتىدۇ، بۇنداق ئۆزگىرىشتىن پەيدا بولىدىغان مىللەتلەرنىڭ ياشاش بوشلۇقى كرىزىسى، دۆلەت زېمىنى ئېكولوگىيىسىنىڭ بىخەتەرلىك كرىزىسى تارىختا كۆرۈلمىگەن. بىلمەي تۇرۇپ، قىلچە قورقماي ئۆز خاھىشىمىز بويىچە چەكلىك تۇپراقنى خارلاۋاتىمىز، دەپسەندە قىلىۋاتىمىز.

— تۇپراق جانلىق نەرسە، ھاياتلىقنىڭ ئورگانىزمى. بىراق بىز ئۇنى لوق گۆش ئورنىدا كۆرۈپ بىر پارچە بىر پارچىدىن كەستۇق، ساتتۇق، تەرەققىيات سودىگەرلىرى بىر پارچە بىر پارچىدىن بۆلۈۋالدى، يەرلەر پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتتى، تۇپراقنىڭ قان تومۇرىنى ئۈزۈۋەتتۇق، تاغ ـ دەريالارنىڭ تەبىئىي قۇرۇلمىسىنى بۇزۇۋەتتۇق. كونىلاردا «كىشىنىڭ قىلغىنى كىشىدە قالماس» دېگەن گەپ بار. تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنى بۇزغانىكەنمىز، شەھەرلىرىمىزمۇ گۇمران بولماي قالمايدۇ.

— ئىسراپچىلىق تازا ئەۋج ئالغان مۇشۇ يىللاردا، تۇپراق، بايلىق مەنبەسى، باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ پۇلىنى بولۇشىچە ئىسراپ قىلىۋاتىمىز. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بىناسىغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭغا كەتكەن مەبلەغنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشى بىلەن ئوخشاش ئىقتىدارغا ئىگە قۇرۇلۇشنى سالغىلى بولىدۇ. بۇ بىر نامايەندە خاراكتېرلىك ئاخبارات ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوبرازىنى بەرپا قىلىشتۇر.

— غەربلىكلەر سۈنئىي ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى پاچاقلاپ، ئاسما كۆۋرۈكلىرىنى يەر ئاستىغا تىقىۋەتكەندە، بىز باغلام ـ باغلام پۇل خەجلەپ 100 يىل ئاۋۋال ئامېرىكىلىقلار سادىر قىلغان خاتالىقنى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز...

يىغىندىن بۇيان، مەن ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى سىنىپىغىچە ئىزدەپ باردىم.

يۈكوڭجيەن، 41 ياش، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەنزىرە لايىھىلەش ئىلمىي تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى.

«‹شەھەرلەرنى بېزەش ھەرىكىتى› شامىلىنىڭ دېڭىز — ئوكيان ھالقىپ جۇڭگوغا كېلىشى ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەنىكەن».

— مەن شۇ چاغدا ۋەتەنگە قايتىشقا بەك ئالدىراپ كەتتىم، ـ دېدى يۈكوڭجيەن. يۈكوڭجيەن دۆلىتىمىز بويىچە تۇنجى قېتىم خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى لايىھىلەش ئىلمى دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكۈچى، ئۇ 1997 ـ يىلى بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەن.

— بېيجىڭغا قايتىپ كېلىپ، جوڭگۇەن يېزىسى ئەتراپىنىڭ قىستا ـ قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى، يوللاردا پۈتۈنلەي يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ خىش، تاش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى توشۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، بۇنى بىر خىل قاينام ـ تاشقىن مەنزىرە دېيىشكە بولاتتى. بىراق، مەن يەنە پىيادىلەر يولىدىكى دەرەخلەرنىڭ كېسىۋېتىلگەنلىكىنى، ئىشلەمچىلەرنىڭ دەريا تېگىگە سېمونت تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم...

يۈكوڭجيەن شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ قاتتىق بىئارام





بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى:
ــمەن يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان مەنزىرىنى كۆر-
گەندەك بولدۇم. دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى ئۆز-
گەرتىۋېتىدىغان شەھەرلەشتۈرۈپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى
باشلىنىپتۇ، بىراق، بۇنداق ئۆزگەرتىشتە مەنزىرە لايىھە-
لەش ئىدىيىسى كەم ئىدى. مەن ئۆگەنگەن كەسىپ دەل
يەر ئىشلىتىش لايىھىسى كەسپى ئىدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ
60 ـ 70 ـ يىللىرىدا ئامېرىكىدا بىر قېتىم ناھايىتى چوڭ
مۇھىت ئاسراش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. كارسىن داڭ-
لىق كىتابى «جىمجىت باھار»نى يازدى، بۇنىڭدىن قې-
لىشمايدىغان ئىككىنچى كىتاب ماكخاگىنىڭ «لايىھە بىلەن
تەبىئىيلىكنى بىرلەشتۈرۈش» ئىدى.
ــبۇ كىتاب ماڭا بەك تەسىر قىلدى، ئۇ مېنى ئەنئە-
نىۋى مەزمۇندىكى باغۇەنچىلىكتىن ھەقىقىي زېمىن مەن-
زىرىسىگە يېتەكلىدى. ماكخاگىن مۇنداق دەيدۇ: «تۇپراق
ئۆزىگە خاس قىممەتكە ئىگە بىر جانلىق سىستېمـــا. بـــۇ
جانلىق سىستېما بىزگە يەر يۈزىدە نېمە قىلساق بولىدى-
غانلىقىنى، ئادەم بىلەن يەر ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىقىنىڭ
قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. يەر يۈزىـــدىكى
بارلىق جانلىق قانۇنىيەتلىك ئورۇنلاشقان. يەرنىڭ ئەڭ
ئاستىدا گېئولوگىيىلىك ماددىلار بولىدۇ، يېپىنچا ئۆسۈمـ-
لۈكلەر، سۇ بار، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھايۋاناتلار، ئۆسۈملۈك-
لەر، ئادەملەر بار، بۇلارنى ئورۇنلىشىش تەرتىپى بويىچە
قەۋەتمۇ قەۋەت ئاستىدىن ئۈستىگە تىزىپ، يەرنىڭ ماس-
لىشىشچانلىقىنى تەھلىل قىلساقلا، يەردىن قانداق پايدى-
لىنىشنى، نېمىلەرنى ئاسراشنى بىلەلەيمىز.»
ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە،
يۈكۈگجيەن 100 نەچچە شەھەرگە بارغان. شەھەرلەردىكى
ئەۋجىگە چىققان قۇرۇلۇش مەيدانلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى
ئېچىشتۇرۇپ، ئۇنى تەشۋىشكە سالغان: ئەسلىدىكى گۈ-
زەل تاغۇ ـ ئورمانلار نادانلار تەرىپىدىن «ئۇچىنى راۋان-
لاشتۇرۇش»تا يوقىتىلغان. ئەسلىدىكى كىشىنى ھاياجانغا
سالىدىغان دەريا ئېقىنلارنىڭ ئەگرى ـ بۈگرىلىرى رە-
ھىمسىزلەرچە تۈزلىتىۋېتىلگەن، تېگىگە سېمونت ياتقۇزۇ-

لۇپ، سۇنئىي دەرياغا ئۆزگەرتىلگەن. بىر ئوبدان ئېتىزلار بىر كېچىدىلا «بىرلا تەستىق»بىلەن تەرەققىيات رايونىغا ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلگەن، ئاندىن كېيىن يەنە تاشلاپ قويۇلغان. ھەيۋەتلىك مەيدان ۋە مەنزىرىلىك كوچىلارنىڭ ئارقىسىدا، بىر نەچچە قەدەم نېرىدىلا سېسىق پۇراق ئەتراپىنى بىر ئالغان، پاسكىنا، قىستا ـ قىستاڭ كوچىلار ئەخلەت دۆۋىلىرى ... بىلەن تولغان.

«مەيدان شامىلى» جۇڭگونىڭ ھەممە يېرىدە جانلىنىپ كەتتى، «مەركىزىي مەيدان»، «دەۋر مەيدانى»لىرى بىر ـ بىرىدىن ھەيۋەتلىك، بىر ـ بىرىدىن ئېسىل، بىراق يۇكوگجىيەننىڭ سۆزى بويىچە مۇنداق: «ئادەمىيلىكى بولمىغان»، «ئادەمزاتسىز مەيدان»لارنى ياسىدۇق. يەتتە يىل ئاۋۋال ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن باشلاپ، يۇكوگجىيەن شەھەر قۇرۇلۇشىدىكى نۇقسانلارنى ئۈزلۈكسىز تەنقىدلىدى.

شەھەر ئاھالىلىرىگە بەزى پائالىيەت سورۇنلىرىنى ھازىرلاپ بېرىش ياخشى ئىش بولسىمۇ، بىراق نۇرغۇن شەھەرلەردىكى مەيدانلار توپتىن پۇقرالار ئۈچۈن ياسالغان ئەمەس، شەھەرنى گۈزەللەشتۈرۈش، ئۆزىنى كۆرسىتىش، خاتىرىلەش ياكى يۈز ـ ئابروي، سىياسىي نەتىجىلەرنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن ياسالغان، ئۈنۈم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەيدان ياساش ئۈچۈنلا سېلىنغان مەيدانلاردۇر.

ــشەھەر سىرتىدىكى ئېتىزلىقلاردىمۇ گىرانىت تاش ياتقۇزۇلغان مەيدانلارنى توختىماي ئۇچرىتىپ قالىسىز. كۈننىڭ قىزىق تەپتىدىن، مەيدان قورقۇنچلۇق ھالەتكە كىرىدۇ، تېرىمىزنى كۆيدۈرگەننى دېمەيلا قويايلى، بەئەينى چۆمۈلىمۇ بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان قىزىق قازاننىڭ ئۆزى. ئادەم سالقىندىغىدەك سايە، دەم ئالغۇدەك ئورۇندۇق يوق، سىم تور كىشىلەرنى چىملىق سىرتىدا قالدۇرىدۇ. مەيداننى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، غايەت زور مەبلەغ كېتىشكە قارىماي، چوڭ تىپتىكى فونتان، رەڭگارەڭ پانۇس ۋە ھەر خىل غەلىتە ئورگانلار سېلىنغان. بىراق، بۇلارنىڭ ھەرىكەتلىنىپ تۇرۇشىغا كېتىدىغان خىراجەتكە بەرداشلىق بەرگىلى بولمىغانلىقتىن، بىكار تاشلاپ قويۇلغان ياكى ناگان ـ ناگاندا ئىشلىتىلگەن. نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، مەرمەر تاش ۋە بىلىيارت تاشلار ياتقۇزۇلۇپ، خۇددى سارايلاردەك بېزەلگەن بۇ مەيدانلارنىڭ ھالىغا ۋاي، قار، يامغۇر ياغىدىمۇ، بولدى، ئىشنىڭ ئوخشىغىنى شۇ، غىلتا ـ غىلتاڭ مەيدانغا ئايلىنىدۇ، ياشانغانلار، بالىلار ھەرگىزمۇ ماڭالمايدۇ. چۈنكى، مەيدانلار سودا سورۇنىغا ئايلىنىپ قالغاچقا، پۇقرالار قانداقمۇ ئىختىيارىي پائالىيەت قىلالىسۇن؟! گەرچە كېچىلىك مەيدان رەڭگا رەڭ پانۇسلار بىلەن بېزەلگەن بولسىمۇ، كىشىگە بۇرۇقتۇرمىلىق تەسىر بېرىدۇ...

«خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز» دېگەن پىلاكات ئېسىلغان شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىدىكى مەيدان بىر زىننەت بۇيۇمى، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي بىناسى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى كۆرۈنۈش. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، خۇددى لويىس 14 نىڭ ۋېرسالنىڭ دېرىزىسىدە تۇرۇپ، باغچىدىكى گۈللۈكنى تاماشا قىلغىنىدەكلا بىر ئىش.

مەيدان كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئالاقىلىشىدىغان سورۇن، ئۇنى ئىشلەتكۈچىلەر ئادەتتىكى پۇقرالار، « بىراق ئۇلارنىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىدا ئولتۇرۇپ ئېگىزدىن مەيدانغا قارىيالايدىغان شەھەر باشلىقى ئەمەس، ھاۋا تەڭشىگۈچلۈك پىكاپنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ مەيداننى ئايلىنىپ كۆزدىن كەچۈرىدىغان ئەمەلدار ۋە بايلار ئەمەس. ئۇلار شەھەردە ياشايدىغان ئەرلەر، ئاياللار، بالىلار، ياشانغانلار، يەنە مېيىپلار ۋە كېسەللەر. مەيدان ئۇلارنىڭ كۈندىلىك خىزمەت، تۇرمۇش، ئۆگىنىش، كۆڭۈل ئېچىشى ئۈچۈن لايىھىلەنگەن، ئۇلار شەھەرنىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىرى. بىراق، ھەيۋەتلىك بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىدىغان، نامايەندە خاراكتېرلىك، خاتىرىلەش خاراكتېرلىك ئوبراز قۇرۇلۇشلىرى ئاخىرىدا ئەھمىيىتىنى يوقاتقان زىننەت بۇيۇمى، تاشلاندۇق سورۇن بولۇپ قالىدۇ.

«شەھەر مەنزىرىلىك كوچىسى ــ شەھەر باشلىقلىرى بىلەن پىكىرلىشىش» دېگەن كىتابتا، يۇكوگجىيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى لى دىخۇا ئوچۇق گەپنى قىلغان، يەنى ئەمەلىيەتتە، شەھەر باشلىقلىرى شەھەرنى لايىھىلىگەندە، نېمە ياساشتا رەھبەرنىڭ دېگىنى ھېساب بولىدۇ، شەھەر باشلىقلىرىنىڭ كۆز قارىشىدىكى فېئودال مۇستەبىت ئاڭ رول ئوينايدۇ.

جانابلارنىڭ ئىرادىسى، ھازىرقى دەۋردىكى شەھەر





قۇرۇلۇشلىرى ئىچىدە «كىمنىڭ ھوقۇقى چوڭ بولسا شۇنىڭ گېپى ئۆتىدىغان»، «يۇقىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان» ئەھۋال كۆرۈلمەكتە. ئەمەلدارنىڭ بۇيرۇقىغىلا بويسۇنىدىغان، ئەمەل قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان شەھەر مەنزىرىسى قارىشى شەھەر باشلىقىنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئۆزگەردى، شۇنداقلا ھەشەمەتلىك بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان خىلمۇخىل ئەھۋاللار، نامايەندە خاراكتېرلىك، خاتىرىلەش خاراكتېرلىك شەھەر مەنزىرىلىرى پەيدا بولدى.

سەھرالىقلار ئىگى. فېئودال مۇستەبىت جەمئىيەتتە، پادىشاھ ۋە بيۇروكراتلار ئاممىنى «پادا»غا ئوخشاش ئىدارە قىلىدۇ. ماركس مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ بىردىنبىر پرىنسىپى ئىنسانىيەتنى كەمسىتىش، ئادەمنى ئادەمدەك كۆرمەسلىك، دېگەن. پادىشاھ ۋە بيۇروكراتلار ئاڭسىز ھالدا دائىم شەھەر قۇرۇلۇشىغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. شەھەرنى كۆركەملەشتۈرۈشتە ئاددىي ئاۋامنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن تۇيۇتىن كارى بولمايدۇ. ئۇلار ئاۋامنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ئېھتىياجى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يۇقىرىنىڭ مەمنۇنىيىتىگە، ماختىنىشقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئون مىڭلىغان ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىدۇ.

100 نەچچە يىل ئىلگىرى، ئامېرىكىدىمۇ كەڭ كۆلەملىك «شەھەرنى گۈزەللەشتۈرۈش ھەرىكىتى» يۈز بەرگەن. 1989 ـ يىلى «چىكاگو دۇنيا يەرمەنكىسى»دە چوڭ شەھەر ئوبرازىنى تىكلەش، شەھەرنى گۈزەللەشتۈرۈش ۋە شەھەر قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇ چاغدا كىچىك پىلان تۈزمەسلىك، دېگەن بىر سۆز مودا بولغان. چۈنكى، كىچىك پىلان كىشىلەرنى ھاياجانغا سالالمايدۇ، جەلپ قىلالمايدۇ. چوڭ پىلان تۈزۈلۈپ، ئەمەلگە ئاشسا، مەڭگۈ يوقالمايدۇ، دەپ قارالغان. بىراق بۇ بىر مەيدان مەنمەنچىلىك تۈسىنى ئالغان «شەھەرلەرنى گۈزەللەشتۈرۈش ھەرىكىتى» 16 يىل داۋاملىشىپلا توختىتىۋېتىلدى، ئۇنىڭ ئورنىنى ئېگىلىك، گۈزەللىك، ئىنسانىيلىق بىرلەشتۈرۈلگەن شەھەر پىلانى ئىدىيىسى ئالدى.

يۈكوگجىيەن مۇنداق دېدى:

— «شەھەرلەرنى گۈزەللەشتۈرۈش ھەرىكىتى» شامىلىنىڭ ھازىر دېڭىز ـ ئوكيان ئاتلاپ جۇڭگوغا كېلىشى ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن. 16 ـ ئەسىردىكى ئىتالىيە مەيدانى، 17 ـ ئەسىردىكى فرانسىيىنىڭ مەنزىرە كوچىسى، 20 ـ ئەسىردىكى ئامېرىكىنىڭ كۆككە تاقاشقىدىغان بىنالىرى جۇڭگونىڭ چوڭ ـ كىچىك شەھەرلىرىدە پەيدا بولدى.

شەھەر باشلىقلىرىنىڭ زىيانلىق بولغان ئەمەل ئىرادىسىدىن ساقلىنىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، يۈ كوگجىيەن «شەھەر باشلىقلىرى بىلەن پىكىرلىشىش ھەم شەھەر باشلىقلىرىغا دەرسلىك، ئېكولوگىيە بىلەن خەلقچىل ئىدىيە» دېگەن كىتابنى يازدى. شۇنىڭ بىلەن، قوتقۇزۇۋېلىنغان دەريا ـ ئېقىنلار، ئۆزگەرتىلگەن قۇرۇلۇشلارمۇ كۆپەيدى. گۇاڭدۇڭ، جېجياڭ، جياڭسۇ، شەندۇڭدىكى يېشىل تۈرلەر خەلققە بەخت ئېلىپ كەلدى.

ئۇ «پىلانغا قارشى» نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شەھەر باشلىقى شەھەرگە نېمە سېلىشنى قارار قىلماي، بەلكى نېمە سالماسلىقنى قارار قىلىشى كېرەك.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرسخانىسىدا بىرەيلەن يۈكوگجىيەندىن مۇنداق بىر سوئال سورىغان. نېمە ئۈچۈن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ يېڭى بىناسىدەك مۇشۇنداق بىنالار ھازىر غەربتە سېلىنمايدۇ؟

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ يېڭى بىناسى ئىسراپچىلىققا تولغان دەۋرنىڭ بىر ۋەكىلى، خالاس. ئۇلار قارىماققا ناھايىتى زامانىۋىدەك كۆرۈنىدۇ، بىراق زامانىۋى قۇرۇلۇشنىڭ ماھىيىتىنى ھازىرلىمىغان. ئەگەر زامانىۋى روھ بولمىسا، ئەمەلىيەتتە فېئودالچە مەنمەنچىلىك ئېڭى بولۇپ، فېئودال پادىشاھ ئېڭى ۋە ئىمپېرىيە ئېڭىنىڭ ئەكس ئېتىشى بولىدۇ. بۇنداق ئالاھىدە ئىسراپچىلىق ئېغىر بولۇۋاتقان جۇڭگو شەھەرلىرىدىكى شەھەرنى گۈزەللەشتۈرۈش ھەرىكىتى بىلەن چاتىلىشىپ، شەھەر مەنزىرىسىدە غەلىتە ھامىلىلەرنى پەيدا قىلدى، بۇنداق تۈرلەرنى دۆلەت ئىچىدىكى تەرەققىيات سودىگەرلىرىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ، ئۇلار ئەڭ ئاخىرىدا دۆلەتكە ئېغىر يۈك بولۇپ قالىدۇ.

يۈكوگجىيەن يەنە چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

—شەھەر كېيىن پەيدا بولغان، شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچ باسقۇچنى باشتىن ئۆتكۈزگەن.

بىرىنچى باسقۇچتىكى شەھەرلەر ئىلاھ ئۈچۈن قۇرۇلغان. جۇڭگودىكى تيەنتەن، ياۋروپادا ئوتتۇرا ئەسىردە سېلىنغان ئىبادەتخانىلار، جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى مايا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىلاھ ئادەملەرنى ئىدارە قىلىدىغان جاي بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ئورنى يوق، ئادەملەر ئىلاھنىڭ قۇللىرى.

ئىككىنچى باسقۇچتىكى شەھەرلەر پادىشاھلار ئۈچۈن قۇرۇلغان، ياۋروپادىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىدىن كېيىن، پادىشاھلار ئىلاھنىڭ ئورنىنى ئالدى، شەھەرلەرمۇ ئادەتتىكى پۇقرالار ئۈچۈن قۇرۇلماي، پادىشاھ، ئاقسۆڭەكلەر ئۈچۈن قۇرۇلدى. مەسىلەن، پارىژ لويىس 14 ئۈچۈن قۇرۇلدى.

جۇڭگودىكى گۇگۇڭ ئوردىسىمۇ پۇقرالار ئۈچۈن سېلىنمىغان.

ئۈچىنچى باسقۇچتىكى شەھەرلەر ماشىنىلار ئۈچۈن قۇرۇلدى، كاپىتالىستىك سانائەت دەۋرىدە تاشيوللار پەكاپىلار ئۈچۈن ياسالدى، كۆككە تاقاشقىدىغان بىنالار سودىغا، يۇقىرى ئۈنۈم، تېز سۈرئەت قوغلىشىشقا ئىشلىتىلدى، شەھەر قۇرۇلۇشى خۇددى نيۇ ـ يورك قاتارلىق شەھەرلەرگە ئوخشاش تۈرۈۋا شەكلىدە بولدى، شەھەرلەر ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى، تۇرالغۇسى ئۈچۈن قۇرۇلمىدى، ئادەملەر پىيادە ماڭىدىغان، ئەركىن ـ ئازادە پائالىيەت قىلىدىغان بوشلۇق قالمىدى، ئادەملەرنىڭ ئورنى قالمىدى، شەھەرلەرمۇ رومانتىكلىقنى يوقاتتى. بىراق، غەرب ھازىر كېيىنكى سانائەت دەۋرىگە قەدەم قويدى.

«سانائەت دەۋرى ئەڭ گۈزەل دەپ قارىلىدۇ، كېيىنكى سانائەت دەۋرىگە كەلگەندە، كىشىلەر ئۇنىڭ گۈزەل بولمايلا قالماي، ھەتتا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. سىلەر مۇشۇ ئەسىردىكى ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىلەر؟

ئامېرىكىدىكى بوستوندا، دېڭىز قولتۇقىنى بويلاپ يۇقىرى سۈرئەتلىك بىر غول يول ياسالغان، بۇ يولدىن كەلگەن شاۋقۇن ـ سۈرەن، بۇلغىنىش شەھەرگە ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. يەرلىك ھۆكۈمەت ئۇنى كۆمۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋېلسىپىت يولى ياساماقچى

بولغان. ئۇن نەچچە يىللىق مۇنازىرىدىن كېيىن، 2003 ـ يىلى مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ شەھەرنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى ـ بوستون دېڭىز قولتۇقى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىنى كۆمۈۋېتىش قۇرۇلۇشى ئىش باشلىدى.بۇنىڭغا 20 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىندى.

—بوستونلۇقلار شۇنچە كۆپ مەبلەغ چىقىرىپ ئاسما كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇۋاتقاندا، بىز دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە قىلىۋاتىمىز. نەچچە ئۇن يىلدىن كېيىن بىزمۇ ھازىرقى بوستونغا ئوخشاش نەچچە مىليارد خەجلەپ ئۇلارنىڭ ئىشىنى تەكرالايمىز. بىز پۇل خەجلەپ خاتالىق ئۆتكۈزۈۋاتىمىز، ئەخمەقلىق قىلىۋاتىمىز.

—مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بىناسىغا قايتىپ كېلەيلى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ بىر خىل قاتتىق پۇلدارلىق پىسخىكىسى بىلەن «ئىمپېرىيە» قۇرۇلۇشىنى قوبۇل قىلىشتۇر. ھازىر، زامانىۋى تەرەققىياتنى باشتىن ئۆتكۈزگەن ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ بۇنداق قۇرۇلۇشنى قايتا سېلىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئاساسىي زامانىۋى روھقا—يەر ئېتىكىسى، ئىدراكىي، ئىلمىي ۋە دېموكراتىك روھ ۋە زامانىۋى قۇرۇلۇش پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ. ئۇنىدىن بىر ئۈلۈش پۇل بىلەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بىناسىغا ئوخشاش ئىقتىدارغا ئىگە قۇرۇلۇش سالغىلى بولىدۇ. ئۇ نامايانىدا خاراكتېرلىك، ئۇ «ئىمپېرىيە»نىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلىرىنىڭ ھازىرقى جۇڭگودا ئۆزلىرىنىڭ «ئىمپېرىيە» خام خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىدۇر.

يۇكوگجيەن ئۆزىنىڭ خەلقئارا بىلەن بىردەك بولۇش ئويىغا مۇنداق باھا بېرىدۇ. ئۆزۈڭلارنى ھۆرمەت قىلىڭلار، جۇڭگو زېمىنىنى ھامبۇرگ بولكىسى، ماكدونالد، خوتتوگ، فرانسىيىنىڭ پوشكاللىرىغا تولدۇرۇۋەتمەڭلەر. جۇڭگونىڭ تەرەققىيات سودىگەرلىرى ۋە شەھەر باشلىقلىرىنىڭ ھازىر ئېنىق پەرق ئېتىش ئىقتىدارى يوق، ناھايىتى ئاسانلا داۋراڭ سېلىنغان، شەكىلۋازلىق قىلىنغان قۇرۇلۇشلار ۋە مەنزىرىلەرنى لايىھىلەشتە قايمۇقۇپ قالىدۇ. چەت ئەلدىن كەلگەن لايىھەچىلەر ئۆز زېمىنىنى ھۆرمەت قىلغان، ئاسرىغاندەك، جۇڭگونىڭ زېمىنىغا ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئاسرىشى كېرەك. ئۆز دۆلىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى بولۇپمۇ ساۋاقلىرىنى سەممىيلىك بىلەن جۇڭگو شەھەرلىرىدىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر ۋە تەرەققىيات سودىگەرلىرىگە ئېيتىپ بېرىشى كېرەك.

يۇ كوگجيەنىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ نۇرغۇن شەھەر باشلىقلىرى بىلەن پىكىرلىشىپ، ئۇلارنىڭ شەھەر مەنزىرىسى ئارقىلىق سىياسىي نەتىجە يارىتىشقا قانچىلىك تەقەززا ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلەرنىڭ تېخى بىر خىل قارىغۇلارچە خاتا ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە شەھەرلەرنى لايىھىلەيدىغانلىقىنى، شەھەر قۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ «پىلانغا قارشى» نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان، يەنى شەھەر باشلىقى شەھەردە نېمە قۇرۇشنى ئەمەس، بەلكى نېمە قۇرماسلىقنى قارار قىلىشى كېرەك. شەھەر پىلانى يەر ئىشلەتكۈچىلەرگە «نېمە قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى» ئېيتىپ بېرىشى كېرەك. مەسىلەن: دەريا ـ كۆللەر، تاغ ـ ئورمانلار، نەم يەر، ھەتتا ئېتىز قاتارلىقلارنى ئالدى بىلەن قانۇن تۈرغۇزۇپ قوغداش، ھېچكىم چېقىۋېتەلمايدىغان قىلىش كېرەك.

100 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، ئامېرىكىنىڭ بوستون شەھىرى بىر كىچىك بازار ئىدى، شەھەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرى كەڭ كۆلەملىك ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، ئەرزان باھادا شەھەر سىرتىدىكى كەڭ يەرنى سېتىۋالغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سازلىق، قاقاسلىق، ئورمانلىق، چارلىس جىلغىسى بار ئىدى، ئۇلار قانۇن تۈرغۇزۇپ ئۇنى مەڭگۈلۈك يېشىل سىستېما سۈپىتىدە قوغدىغان. ھازىر ئارىدىن 100 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، شەھەر نەچچە ھەسسە كېڭەيدى، كېيىنكى كۈنلەردىكى شەھەر سىرتى شەھەر مەركىزى بولۇپ قالدى. ھازىر، بۇ قىممەتلىك يېشىللىق شەھەر ئاھالىسىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىنى ئۇرغۇتىدىغان سورۇنى، بوستونلۇقلارنىڭ ئەڭ پەخىرلىنىدىغان «كۆك ياقۇت زەنجىرى» بولۇپ قالدى.

—بۇلتۇرقى ئانچىكى ياغقان قار بېيجىڭنىڭ قاتناشنى پۈتۈنلەي پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. ھويلىمىزدىكىلەر كەچ سائەت 5تە ئىشتىن چۈشۈپ، ئۆيىگە ئەتىسى سەھەر سائەت 4تە كەلدى. ئەگەر بىزنىڭ بېيجىڭ شەھىرىنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا يېتىپ بارىدىغان بىر

يېشىل كارىدورىمىز بولغان بولسا، ئۆيگە ۋېلسىپىتتا بىر يېرىم سائەتتىلا بارالىغان بولاتتى.

—كانادا چېگرىسى ئىچىدە، شەرقىي دېڭىز قىرغىقىدىن غەربىي دېڭىز قىرغىقىغا تۇتۇشىدىغان مۇشۇنداق بىر ۋېلسىپىت يولى بار. ئامېرىكىدىمۇ بىرى بار، مىئامىدىن ئەڭ شىمالىغا بارغىلى بولىدۇ. جۇڭگوغا ئوخشاش نوپۇسى چوڭ دۆلەتتە مۇشۇنداق بىر راۋان يېشىل كارىدور يولى بەرپا قىلىش تېخىمۇ زۆرۈر. ئۇلارنى چوقۇم شەھەر شەكىللىنىشتىن ئىلگىرى ساقلاپ قېلىش كېرەك، بولمىسا كەلگۈسىدە تۆلەيدىغان بەدەل تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېفت كرىزىسى ھامىنى يېتىپ كېلىدۇ. تىنچلىقنىڭ باش كۆتۈرۈشى بىزنىڭ پىكاپنىڭ تۈۋەن ئېنېرگىيە سەرپىياتىغا تايانمايدىغان قاتناش ۋاسىتىسى ئىشلىتىشىمىز كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. پۈتۈن شەھەر دائىرىسىدىكى يېشىل ۋېلسىپىت يول تورى ساغلام ۋە ئېكولوگىيىلىك پىلان ئىستراتېگىيىسى بولۇپلا قالماي، يەنە بىر خىل دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىستراتېگىيىسىدۇر.

—شەھەرلەر تەرەققىياتىدىكى ئۈزلۈكسىزلىك ئالدىن كۆزلەنگەن شەھەر مەمۇرىيىتى ئۇل مۇئەسسەسلەر قۇرۇلۇشى (يول سىستېمىسى، سۇ چىقىرىش سىستېمىسى قاتارلىقلار)غا تايىنىدۇ، بۇ نۇقتا توغرىسىدا، نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرى تولۇق تونۇشقا كەلگەندەك قىلىدۇ، دۆلەتنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەبلەغ سېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشىمۇ شەھەرلەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئوخشاشلا شەھەرلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكىمۇ ئالدىن كۆزلەنگەن ئېكولوگىيىلىك ئۇل مۇئەسسەسەلەرگە تايىنىدىغان بولدى، ئەگەر شەھەرلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئۇل مۇئەسسەسى مۇكەممەل بولمىسا ياكى ئالدىن كۆرەرلىكى يېتەرلىك بولمىسا، كەلگۈسىدىكى شەھەرلەرنىڭ مۇھىت قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ ئېغىر بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ، تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر ۋە ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى تونۇشى ۋە تەتقىقاتى تېخى خېلىلا يېتەرسىز.

شەھەرلەر يېشىللىققا چۈمۈلۈپ، دەرەخلىرى قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغاندىلا، سۆزلىرى سۈزۈلۈپ، ھاۋاسى ساپ گۈزەل شەھەرلەر بولىدۇ. ئېكولوگىيە ئاساسى ياخشى بىر شەھەر ئادەمنىڭ ساغلام بەش ئەزاسىغا ئوخشايدۇ. بىر شەھەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئاساسى بۇزۇۋېتىلسە، بۇ شەھەرمۇ تۈگىشىدۇ، جانلىق بولمايدۇ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتمۇ بولمايدۇ.

—مەن بۇ يەرگە ئاقساراي سالالمايمەن، سىز باشقا بىر دانانى تەكلىپ قىلىڭ.

بىر قېتىم خۇنەندە بىر پۇلدار تەرەققىيات سودىگىرى يۈكوڭجيەنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى بىر تۈرگە مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىپتۇ. بۇ تەرەققىيات سودىگىرىنىڭ يېرىدە تاغ، سۇ، ئېدىرلىق، ئورمانلىق بولۇپ تەبىئىي ئېكولوگىيىسى ئىنتايىن ياخشى ئىكەن، ئۇ بۇ يەرگە ئىشخانا بىناسى ۋە داچا سالماقچى ئىكەن.

يۈكوڭجيەن ئەسلىدىكى تاغ - سۇ ۋە دەل - دەرەخلەرنى ساقلاپ قېلىپ، يەر شەكلىگە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا قۇرۇلۇش قىلىشنى ئېيتىپتۇ. بىراق تەرەققىيات سودىگىرى مىت قىلىپ قويماپتۇ، ئۇ ئاقسارايغا ئوخشاش ھەشەمەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك ئۆينى تاغ ئۈستىگە سالماقچى ئىكەن، تاغ ئاستىدىكى كۆلنى تىندۇرۇپ، ئاندىن تاغنىڭ ئۈستىگە سۇنئىي كۆلچەك، فونتان، مەيدان سالماقچى ئىكەن.

—مېنىڭ ئۇنداق قىلىشقا قولۇم بارمىدى. كېسىۋېتىلگەن دەرەخ، تىندۇرۇلغان كۆل، تاغلار ئىچىمنى سېيرىۋېتەتتى. بۇككىدە ئۆسكەن دەرەخلەرگە كەم دېگەندىمۇ 20 يىل بولغانىدى، مەن ئۇنىڭغا بۇنداق ئۇسۇلنىڭ ئاللىقاچان مودىدىن قالغانلىقىنى ئېيتتىم، بىراق ئۇ گېپىمنى ئاڭلىمىدى، مەن ئۇنىڭغا: مەن بۇ يەرگە ئاقساراي سالالمايمەن، سىز باشقا بىر دانانى تېپىڭ، دېدىم.

—بۇ تىپىك «مەنمەنچىلەر»نىڭ ئىشى، شەھەر قۇرۇلۇشىدا ئەكس ئېتىدىغان پۇلغا چوقۇنۇش خاھىشى بولۇپ، قىممەت بولۇشنى قوغلىشىدۇ، سورتىغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، نېمە قىممەت، كۆركەم بولسا شۇ ياخشى دەيدۇ. ھەممىلا جايغا كۆككە تاقىشىدىغان بىنا سالىدۇ، شەھەر مەيدانلىرىدىن سىرت، يەنە تەننەرخكە قارىماي، چەتئەلدىن قىممەت گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخ كىرگۈزىدۇ. بۇلارغا گەرچە نۇرغۇن پۇل خەجلەنگەن بولسىمۇ، بىراق



كىشلەرگە يېقىشلىق تۇيغۇ بېرەلمەيدۇ. بەلكى كۈنسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان يىراقلىشىش تۇيغۇسى ۋە ياتلىشىش تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. يۇكوگجيەن شەھەر قۇرۇلۇشى ئېگىنى «مەنىمەنچىلەرنىڭ ئېگى»دىن سىرت، «ئىمپېراتور ئېگى»، «دېھقان ئېگى»، «تەبرىكلەش زىياپىتى ئېگى»، «تەۋەللىك ئېگى» قاتارلىقلارغا يىغىنچاقلىغان.

يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان «ماي»، «ئۆكتەبىر» بايراملىرىدا «تەبرىكلەش زىياپىتى ئېگى» ئېپادىسىنى تاپىدۇ. يۇكوگجيەن ئۆزىنىڭ يېزىدا تۇغۇلغانلىقىدىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ دېھقان ئېگىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. دېھقانلار ھەم نامرات، ھەم زىيادە ئۈمىدۋار بولىدۇ. يىلدا كەم دېگەندىمۇ بىر قېتىم تاپقان ـ تەرگىنىنىڭ ھەممىسىدە ھېيت ئۆتكۈزىدۇ. ئادەتتە تېرىپ ـ تېجەپ يىغقىنىنى بىر نەچچە كۈندىلا يوقىتىۋېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپ ساندىكىلىرى تىزىپ كۆرسىتىدىغان بولۇپ، كىمنىڭ تىزغىنى ئوبدان، سوۋغىسى كۆپ ئىكەنلىكىگە قارايدۇ.

بەزى خەۋەرلەردە مۇنداق دېيىلدى: بۇ يىل تيەنئەنمېن مەيدانىغا قويۇلغان گۈللۈك 1984 ـ يىلدىن بۇيان ئەڭ ئېگىز قويۇلغان گۈللۈك بولدى، «خاسىيەتلىك كېمە 5 ـ »نىڭ قويۇپ بېرىش جاھازىسىنىڭ ئېگىزلىكى 17.4 مېتىرغا يېتىپ، 20 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ئېگىز گۈللۈك بولۇپ قالدى. مەيداننىڭ مەركىزىي گۈللۈكىدىكى فونتاننىڭ دىئامېتىرى 72 مېتىرغا يەتتى، مەركىزىي كۆلچەمتىكى فونتاننىڭ ئېگىزلىكى 18 مېتىرغا يەتتى...

ـــ گۈللۈكلەر بىر ـ بىرىدىن چوڭ، بىر ـ بىرىدىن ھەيۋەتلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىلدىن يىلغا يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ يىل 5 ملىڭ تەشتەك سەبدە گۈلدىن سۇمۇرغ ياسالسا، كېلەر يىلى 100 ملىڭ تۇپ رەڭگارەڭ كوكتاتتىن غايەت زور ئەجدىھا ياسىلىدۇ. «تەنتەنىلىك بايرام»، «سوۋغا تەقدىم قىلىش» قۇرۇلۇشلىرى بىر ـ بىرىدىن ھەشەمەتلىك، بىر ـ بىرىدىن تەنتەنىلىك. بىراق، بىر نەچچە كۈنلۈك بايرام ئۆتۈپلا كەتتى، بۇ گۈللەرمۇ، كوكتاتلارمۇ قۇرۇپ كېتىدۇ، قالغان چاغدا شەھەر ئاھالىسى جانسىز پولات چۆيۈن، سېمونتلۇق دەرەخزارلىقـقا دۇچ كېلىدۇ. ئىسەنچلىك تەخمىنىي ھېساب قىلساق، بايرام ئۆ-

چۈن ياسالغان گۈللۈككە كېتىدىغان مەبلەغ شەھەردە ئانچە كىچىك ھېسابلانمايدىغان پېشىللىق ياكى باغچا ياساشقا يېتىدىكەن.

يۇكوگېجيەن شەھەر ئېكولوگىيە ئاساسىنى ئاسراش ۋە بەرپا قىلىشنىڭ ئون چوڭ تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، مەسىلەن: تاغ ـ دەريالارنىڭ تۈزۈلۈشىنىڭ ئۆزلۈكسىزلىكىنى ساقلاش، تاغ ـ دەريالارنى ئايرىۋېتىدىغان ئەخمەقانە ئىشلارنى قىلماسلىق، ھاياتلىقنىڭ تەبىئىي جەريان يولىنى راۋانلاشتۇرۇش، شەھەرنىڭ سۇ سىستېمىسى (مەسىلەن: دەريا، كۆللەر شەھەرنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەڭ گۈزەل يېرى)نىڭ تەبىئىي ھالىتىنى ساقلاش.

—ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ يەر شارائىتىغا ئەھمىيەت بېرىشى ئادەمنىڭ تەبىئەت بىلەن ماسلىشىشنى تەكىتلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. قاراڭلار، بۇنى دەريا دېگىلى بولامدۇ؟ دېدى يۇكوگېجيەن بىر پارچە سۈرەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

دەريا يولى سېمونتلاشتۇرۇلغان، توسما سېلىپ سۇ ساقلانغان، دەريا قىرغىقى ياسالغان. سۇ تۇپراقتىن ئايرىۋېتىلسە، دەريا ئېقىنىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تازىلاش ئىقتىدارى يوقايدۇ، سۇنىڭ بۇلغىنىش دەرىجىسى ئېشىپ كېتىدۇ. ئېقىن سۇ ئۆلۈك سۇ، سېسىق سۇغا ئۆزگىرىدۇ. پارقىراپ تۇرغان سېمونت، گرانىت تاش بىلەن دەريا قىرغىقى ئاسرالسا، ئەسلىدىكى جايغا ھېچنېمە ئۈنمەيدۇ. بىر تەبىئىي دەريا شەھەردىكى نۇرغۇن جانلىقنىڭ نەپەسلىنىدىغان جايى. بۇنداق جايلارغا ئەمدىلىكتە چاشقانلارمۇ يولىمايدىغان بولدى. يۇكوگېجيەن زېمىن ئېكولوگىيىسى ساغلام، مۇكەممەل سۇ سىستېمىسىدىن تەشكىللەنگەن يېشىل يول تورى دەل كەلكۈن سۈيىنى ساقلاش، قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىك ئاپىتىنىڭ زىيانكەشلىكىنى ئازايتىش ئىقتىدارىغا ئىگە، دەپ قارايدۇ.

بىرەيلەن ئۇنىڭدىن «ئۇنداقتا، دەريا دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغان.

يۇكوگېجيەن بىر يولىلا:

—مەن سىزۇۋ ئېقىننى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن، دەريانىڭ ئاستىدا سۇ ئۆتلىرى بولسا، بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرسە دەيمەن، سېمونت، ئىتالىيىنىڭ پارقىراق چاقچۇقلىرى، رەتلىك ئامېرىكا چىمى، گوللاندىيىنىڭ چىرايلىق كۆركۆم گۈلى بولمىسىكەن دەيمەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە، مېنىڭ كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىرىم يەرلىك ئالوي، پىيەزەك، سۇ پىيىزى، يېكەن...

دەريا دېگەن سۈيى پاكىز، جانلىقلىرى يايراپ تۇرغان جانلىق ئېقىن.

ئىلگىرىكى سۇ ئۆتلىرى بولۇق ئۆسكەن، پاقىلار كوركىراپ تۇرغان، بېلىقلار سۇ ئاستىدا ئۈزۈپ يۈرگەن تەبىئىي ئېقىنلار سېمونت بىلەن سۇۋالغاندىن كېيىن شەھەردىكى ئەڭ گۈزەل ئېلېمېنتلار يوقالدى، كۆڭلەرنىڭ بىردە كىشىلەر ئېقىنلارنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. غەرب دۆلەتلىرى ئالدىنقى ئەسىردىكى سۇنئىي قۇرۇلۇش «ئۆستەڭلەشتۈرۈلگەن» دەريا يوللىرىنى يوقىتىپ، قايتىدىن تىندۇرۇۋېتىلگەن سۇ سىستېمىسىنى قېزىپ چىقىرىپ، دەريا ـ كۆللەرنىڭ تەبىئىي ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، شەھەرلەردىكى تەبىئىي مەنزىرىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى.

—بىزنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىمىز نېمە ئۈچۈن بۇ كونا يولدا مېڭىشى كېرەك؟

«ھەممىلا جاي رىم تۈۋرۈكى، باروكچە ئۆگزە. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، بىز باشقىلارنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلمايمىز.

يۇكوگېجيەننىڭ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىنكى قىلغان بىرىنچى ئىشى شەھەر مەنزىرىسىنى لايىھەلەش بولدى، ئۇ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى جۇڭشەن شەھىرىنىڭ چىجياڭ باغچىسىنى، يەنى «خىلمۇخىل ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ئۆسكەن» باغچىنى لايىھەلىدى. 10 مىليون يۈەن خەلق پۇلى خەجلەپ، ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەن مۇشۇنداق بىر باغچا قۇرۇشقا كىمنىڭ رايى بارسۇن؟

—ھېچكىمنىڭ بۇ لايىھەگە رايى بارمىدى، ھەتتا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ 90%ى قارشى چىقتى، دېدى يۇكوگېجيەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

باغچا بىر تاشلاندۇق كونا كېمە زاۋۇتى ـ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى جۇڭشەن شەھىرى ئاۋجوڭ كېمە ياساش زاۋۇتىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، بۇ كېمە زاۋۇتى ئىلگىرى نەچچە ئون يىلدا قاتتىق گۈللەنگەن، شۇ يىللىرى جۇڭشەنلىكلەر

بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشچىسى بولۇشتىن پەخىرلىنەتتى. بىراق ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى كىمە زاۋۇتى ۋەيران بولۇشقا يۈزلىنىپ، ئاخىرىدا تاقىلىپ قالدى. 1999 ـ يىلى جۇڭشەن شەھەرلىك ھۆكۈمەت كىمە زاۋۇتىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىغا چىجياڭ باغچىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ لايىھە يۈكوڭجيەننىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئەنئەنىۋى شەھەر مەنزىرىسى ئىدىيىسىگە مۇخالىپ ئىش قىلىشى ئىدى ھەم مۇشۇ سەۋەبتىن قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى.

—كىمە ياساش زاۋۇتىنىڭ كۆلىمى 11 گېكتار بولۇپ، بىزدىن ئىلگىرى بەزى لايىھىلىگۈچىلەر بۇ يەردە ئۆي ـ مۈلۈك كەسپى بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغان. بەزىلىرى بۇ يەرنى كۆۋرۈك، ئېقىن سۇ، شىپاڭ ۋە ئايۋانلىق باغچا قىلماقچى بولغان. ئومۇمەن كونا كىمە زاۋۇتىنى تازىلىۋەتكەندىن كېيىن قايتىدىن قۇرماقچى بولغان.

—كىمە زاۋۇتى بىر دەرياغا يانداش ئىدى، دەريا بويىدا بىر كۆل بار ئىدى، كېمىنىڭ دوكى كۆلگە قاراپ تۇراتتى. بوشلۇقتا ھەرخىل توك سىملىرى ئېسىلىپ تۇراتتى، يەر يۈزىنىڭ ھەممىلا يېرى داتلىشىپ كەتكەن ئەسكى ـ تۈسكى تۆمۈر ـ تەسەك ئىدى، ياۋا ئوت ـ چۆپ، كېسەك پارچىلىرى، رېلىس، ماياك، كېمىنىڭ دوكى، زاۋۇت بىنالىرىنىڭ ھەممىسى بار ئىدى، تامدا «ئىنقىلابنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرەيلى» دېگەن شوئارلار يېزىقلىق تۇراتتى. ئىنس ـ جىن يوق ئىدى. مەن بۇ يەرنى ساقلاپ قېلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن ئەڭ ياخشىسى كىمە زاۋۇتىنى ساقلاپ قېلىپ، زامانىۋى مەنزىرىلىك باغچا قۇرۇشنى ئويتتۇرىغا قويدۇم.

دەلىللەش يىغىنىدا 90% تىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس بۇ ئىشقا قارشى چىققان. ئۇلار يۈكوڭجيەندىن: سىزنىڭ ئەسلىدىكى ئەسكى، دات بېسىپ كەتكەن زاۋۇت بىناسى، دوك، رېلىس، ماشىنا، چىشلىق چاق قاتارلىقلارنى ساقلاپ قېلىپ ياۋا ئوت ـ چۆپلەر بىلەن مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرمەن دېگىنىڭىز ئاغزىڭىزغا كەلگەنچە جۆيلىگىنىڭىز ئەمەسمۇ؟ سىز بەك ئەمەلىيەتتىن ھالقىپ كەتتىڭىزمۇ قانداق؟ سىز جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى باغچا ئېكولوگىيىسى بىلەن ئۇچىمەنلىشىۋاتامسىز نېمە؟... دېگەندىن سوئاللارنى قويغان.

—مەن ئەنئەنىۋى ئۇسۇلنى قوللانمىدىم. جۇڭگوچە باغچا قۇرۇلۇشىدا ئەگرى سىزىق بىلەن جىمجىتلىققا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. مەن پۈتۈنلەي تۈز سىزىقلىق لايىھە قوللاندىم. جۇڭگو باغچىلىرىدا راۋاق ۋە ئايۋانلار بولىدۇ، مەن پۈتۈنلەي زامانىۋى سانائەت قۇرۇلۇشىنى ئىشلەتتىم. بۇ بىر خىل كۆز قاراش توقۇنۇشى ئىدى. مەن لايىھەمنىڭ جۇڭگو مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا پايدىسى بارلىقىغا ئىشىنەتتىم. بۇ لايىھەمدە بىر يىل چىڭ تۇردۇم، قىلچە تەۋرەنمىدىم. شەھەر باشلىقىنى، پىلان ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى قايىل قىلدىم. ئەڭ ئاخىر ئۇلار مېنى قوللىدى، بۇ لايىھە ئەمەلىيلەشتى. ھازىر بىرمۇ ئادەم ئۇنى بولماپتۇ دېمەيدۇ.

چىجياڭ باغچىسىدا مۇنداق مەنزىرە بارلىققا كەلگەن: پاسكىنا، قالايمىقان، بىخەتەر بولمىغان نەرسىلەر يوقىتىلغان، ئەسلىدە بار بولغان سۇ سىستېمىسى ۋە ئۆسۈملۈكلەر، قاش ساقلاپ قېلىنغان، توسمىدىكى سۇ مۇنارى قايتىدىن رېمونت قىلىنغان. كونا رېلىسنىڭ ئاستىغا پۈتۈنلەي ئاپئاق شېغىل تاش، ئىككى يېنىغا چىم ياتقۇزۇلۇپ، ئۆزگىچە ھالەت شەكىللەنگەن. باغچىدىكى فونتاننىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ...

«چىغىر يول مەدەنىيىتى ۋە ياۋا ئوت ـ چۆپ گۈزەللىكى» توغرىسىدا، يۈكوڭجيەن بۇنداق لايىھىنىڭ ئاددىي بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

—ھازىر ھەممىلا يەر چەت ئەلنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ گۈل ـ گىياھلىرى، رىم تۈۋرۈكى، باروكچە ئۆگزىلەر بىلەن تولۇپ كەتتى، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى، بىز باشقىلارنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلمايمىز. پارىژ، رىم، نيۇ ـ يوركلىقلارنى ئېتىراپ قىلىمىز ـ يۇ، ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ قالىمىز، ئادەم ئېزىپ، ئۇرۇقنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقسىدىن چەقىرىپ قويغاندا، روھى گاداي بولماي نېمە بولاتتى؟

ئاددىي قۇرۇلۇش، ئاددىي مەنزىرە، ئاددىي شەھەر ھەرگىزمۇ غەربنىڭ زامانىۋى قۇرۇلۇشلىرى ۋە مەنزىرە شەكلىگە ئوخشىمايدۇ، بۇ ئىلمىي، دېموكراتىك، خەلقچىل روھ. بۇ پادىشاھ ۋە قەھرىمانلار دەۋرى بىلەن

خوشلىشىدىغان، پادىشاھ ۋە فېئودال دەۋرى بىلەن خوشلىشىدىغان دەۋر. ئىلمىي ۋە دېموكراتىك، ئىنسانىي ۋە ئېكولوگىيىلىك غايە ئۇرغۇپ تۇرغان لايىھە، ئىلمىي ئىنقىلابنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پادىشاھ ۋە ئاق سۆڭەكلەرنىڭ «غەيرىي مەنزىرە قارىشى»دىن ئۈزۈل ـ كېسىل ۋاز كېچىشتۇر.

ــــھازىرقى مەركەز رەھبەرلىرى ۋە نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىدىن بۇنداق ئۈمىدنى كۆردۇق، ـ دېدى يۈكوڭجيەن.

ــــدۆلەتلىك تىياتىرخانىلار، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بىنالىرىنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ شەھەر مەنزىرە قارىشىمىز، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاۋامدىن، ئىلمىي ۋە دېموكراتىيىدىن، زامانىۋىلىقتىن بارغانچە يىراقلاشماقتا.

ھەقىقىي «مەدەنىيەت»كە قايتماقچى بولىدىكەنمىز، لايىھىلىگۈچىلەر ئىنسان تەبىئىتىنى تونۇشى، زېمىننى تونۇشى، تۇرمۇش سىناقلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزگەن بولۇشى كېرەك.

1999 ـ يىلى، يۈكوڭجيەن خەندەندە بىر مەيدان لايىھەلەشكە باردى. خەندەنگە بارغاندىن كېيىن يېڭى تۇيغۇ، يەرلىك ئالاھىدىلىك تاپالمىدى. مەيداننى لايىھىلىگۈدەك ئىلھاممۇ كەلمىدى.

ــــكېچىدە شامال چىقىپ، تۆت ئەتراپتىكى زىرائەتلەر شامالدا يەلپۈنەتتى. ئۇششاق ـ چۈششەك جانىۋارلارمۇ ئۇۋىلىرىدىن چىقتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن بىز ئىلھاملاندۇق. تاڭ ئەمدىلا يورۇغاندا، بىر مەنزىرە كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى: سېرىق تۇپراق ئۇپۇققا تۇتاشقانىدى، چەكسىز كەتكەن چىلانلىقمۇ كىشىنى ھاياجانغا سالاتتى. سەھەر تۇرۇپ، بىر، ئىككىدىن ئېتىزغا ماڭغان دېھقانلار، ئېشەكنى يېتىلەپ كېتىۋاتقانلار، ئۇرۇق سېلىۋاتقانلار... مانا بۇ خۇابىي تۇزلەڭلىكتە كۆزگە چېلىقىدىغان مەنزىرە ئىدى.

يۈكوڭجيەن «ياۋا ئوت ـ چۆپلەر»گە بەك ئامراق. ئۇنىڭچە، يېشىللاشتۇرۇشتا چەت ئەلنىڭ گۈل ـ گىياھلىرى كىرگۈزۈلسە، بىزنىڭ سۇ يەر شارائىتىمىزغا ماس كەلمەيدۇ، ئوغۇتلاش ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ، ئىنچىكىلىك بىلەن باشقۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، خىراجەتمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. ھازىرقى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قىممەت قارىشىدا يەرلىك ئۆسۈملۈكلەر بىلەن كۆكەرتىش ئەڭ ياخشى يېشىللاشتۇرۇش، دەپ قارىلىدۇ. بېيجىڭنى مىسالغا ئالساق، بېيجىڭنىڭ يەرلىك ئۆسۈملۈكلىرى تال، قارىياغاچ، تۇخۇمەك دەرىخى، تونا دەرىخى قاتارلىقلار.

بېيجىڭدا، يۈكوڭجيەن تۇرالغۇ مەنزىرىسى لايىھىلىگەن، تەرەققىيات سودىگىرى بىر تۈپى نەچچە يۈز يۈەنگە توغرا كېلىدىغان كۆمۈش ئۆرۈك دەرىخى بىلەن تۇرالغۇ رايونىنى يېشىللاشتۇرماقچى بولغان. يۈكوڭجيەن ئۇنىڭغا ئاق تېرەك تىكىش تەكلىپىنى بەرگەن. تەرەققىيات سودىگىرى: بىزنىڭ بۇ يەر ئالىي ئولتۇراق رايون، چوقۇم كۆمۈش ئۆرۈكتەك قىممەت دەرەخنى تىكىشىمىز كېرەك، دېگەن.

ــــبىز ئاق تېرەكنى تىكىشتە چىڭ تۇردۇق، ئۇ قوشۇلدى. كۆمۈش ئۆرۈك دەرىخىنىڭ تۈپى 500 يۈەن ئىدى، ئاق تېرەكنىڭ بولسا تۈپى ئاران 30 يۈەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاق تېرەك ناھايىتى بۈك ئۆسىدۇ، ئولتۇراق رايونغا تازا باپ كېلىدۇ، دېدى يۈكوڭجيەن.

بېيجىڭدا، ئۇ يەنە شىمالنىڭ دەريا ساھىلىنى نامايان قىلىدىغان مەنزىرىنى لايىھىلىدى، چوڭ ـ كىچىك تاشلار ياتقۇزۇلغان دەريا ساھىلىدا تەبىئىي مەنزىرىنى، يەنى يازدا، ئەتراپتىكى ئۆسۈملۈكلەر يامغۇر سۇلىرى بىلەن ياشىرىپ تۇرىدىغان، ئېرىقلاردا سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان، قىشتا دەريا قىرغىقىدا ئۇششاق ـ چۈششەك تاشلار كۆرۈنۈپ قالىدىغان، كىشىگە ناھايىتى گۈزەل تۇيغۇ بېرىدىغان مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

800 نەچچە يىلدىن بېرى، بېيجىڭ ئوردا ـ سارايلىق مەنزىرە بىلەن قاپلىنىپ تۇردى، بۇنداق مەنزىرە كىشىلەرگە ئادەتتىكى، ھەقىقىي بېيجىڭنى ــــ پۇقرالىرىمۇ بار بېيجىڭنى ئۇنتۇلدۇرۇپ قويدى. چەكسىز، تۈپتۈز كەتكەن خۇابېي تۈزلەڭلىكى بار، قۇم ـ بورانلار ئاپتى يۈز بېرىپ تۇرىدىغان، تۆت پەسىل ئېنىق ئايرىلىدىغان، ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك پۇقرالىرى بار، ئېگىز ـ ئېگىز ئۆسكەن ئاق تېرەك ئورمان تورى، نىلۇپەر كۆللىرى، چاسا ئېتىز، چاسا قورۇ، خالتا كوچىلىرى بار بېيجىڭنى ئۇنتۇپ قالدۇق. چوقۇم شىمالنىڭ ئاددىي، كەڭ قورساقلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك ئىدى.

MIRAS

«ئولمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى» ئورمان باغچىسى ۋە مەركىزىي رايون مەنزىرىسىنى پىلانلاش لايىھىسىدە، يۈكوگجيەن ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى «ئېتىز» شەكىلدىكى قۇرۇلۇش لايىھىسىنى تۈزدى.

— قانداق قىلىپ ئەڭ ئاز مەبلەغ سېلىپ، ئەڭ تېجەشلىك ئۇسۇلدا ئولىمپىكتەك مۇشۇنداق چوڭ يېشىللىق بەرپا قىلىپ، بېيجىڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك؟ شۇ چاغدا كاللامغا مۇشۇ «ئېتىز» (خەنزۇچە 田 ) خېتى كەلدى. بىز ئوتتۇرىغا قويغان باھا باشقىلار ئوتتۇرىغا قويغاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە توغرا كېلەتتى. نۇرغۇن ئادەم، بۇ لايىھىدىن گۇمانلاندى، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقىدىن ئەنسىرىدى، چۈنكى، بىزنىڭ شەھىرىمىز ئەمدىلا ئېتىزلاردىن قۇتۇلغانىدى، شەھەردە قانداقمۇ ئېتىز بەرپا قىلغىلى بولسۇن؟

يۈكوگجيەن مۇنداق دەيدۇ:

— جۇڭگولۇقلار 5 مىڭ يىل دېھقانچىلىق قىلدى، يەرنى ئەڭ ئوبدان چۈشىنىدۇ، يەر تېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش خىراجەت مەسىلىسى، سۇ ئىشلىتىش مەسىلىسى، نەم يەردىن پايدىلىنىش مەسىلىسى، باشقۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. ئاخىرىدا تېخى ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ.

— بۇ لايىھىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئەلۋەتتە، كۆپچىلىكنىڭ بۇنى قوبۇل قىلىشىغا ۋاقىت كېتىدۇ. بىراق مەن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم، ئەگەر بېيجىڭ قوبۇل قىلالمىسا، باشقا جايغا بېرىپ بۇ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرسامۇ بولىدۇ، مەن چوقۇم «ئېتىز» شەكىلدىكى قۇرۇلۇشنى شەھەرلەردە بەرپا قىلىش ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇرىمەن.

— دۆلەتلىك تىياتىرخانىلار، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بىناسى، ئەسىر كوچىلىرى، باروكچە نەچچە يۈز مىڭلىغان شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىنالىرى، سىياسىي نەتىجىلەرنى نامايان قىلىش، ئۆسۈملۈك، دەل-دەرەخلەرنى بىز يەرگە يىغىشتىن شەكىللەنگەن مەركىزىي باغچىلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ شەھەر مەنزىرىسى كۆز قارىشىمىزنى، ئاۋامدىن، ئىلمىي ۋە دېموكراتىيىدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىمىزنى، زامانىۋىلىقتىن، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىن چەتنەپ كەتكەنلىكىمىزنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

— باغلىرىمىز باغقا، قىشلاقلىرىمىز قىشلاققا، ئوتلاقلىرىمىز ئوتلاققا ئوخشىسۇن. ھەممە يەردە ئۆزىمىزگە تونۇشلۇق گۈل-چېچەكلەر ئېچىلغاي، ھاۋالىرىمىزنى غەيرىي كوكتاتلارنىڭ ھىدى ئەمەس، ئۆز كۆكتاتلىرىمىزنىڭ ھىدى قاپلىسۇن.

خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2004-يىللىق 14-ئۆكتەبىر سانىدىن ئېلىندى.

**گۈلشات تەلئەت تەرجىمىسى**

«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن

**مەسئۇل مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى**

## يول

### يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

يول ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئوچۇق، بەلكى ماڭغانسېرى كېڭىيىپ بارىدۇ، ئىزدەنمىگۈچىلەرگە بولسا تۇتۇق، ئۇنداقلارنى ھەتتا داغدام يولغا ئەپچىقىپ قويساڭمۇ، يەنىلا تېنەپ-تەمتىرەپ، سىيلاپ-سىپاشتۇرۇپ يۈرۈشىدۇ. «ئىزدەنگۈچىلەر» بىلەن «ئىزدەنمىگۈچىلەر»نىڭ پەرقى پەقەت ئىككىلا ھەرپ، ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپە خېلىلا ئۇزاق. ئىزدەنگۈچىلەر مەقسەتلىرىگە جەزمەن يېتىدۇ، ئىزدەنمىگۈچىلەر بولسا ناتايىن.

### ئۈمىدلىك يول

بۇ دۇنيادا سېنى ئۆز كىشىلىرىڭنىڭ چۈشەنمەسلىكىدىنمۇ ئېغىر ئەلەم بولمىسا كېرەك. چۈنكى باشقىلار سېنى چۈشەنمىسە، ئۇلارنى دۈشمەن ياكى رەقىپ ۋە يات بولغاچقا شۇنداق دەپ ئۆزۈڭگە تەسەللى تاپىسەن. ئەمما ئۆز يېقىنلىرىڭ چۈشەنمىسە، يېتىمسىرايسەن-دە، بۇ دۇنيادىن ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلايسەن. ھالبۇكى ئۆزۈڭ كىشى تۇرۇقلۇق كىشىلەردىن ئۈمىدسىزلەندىڭ دېگەن سۆز، بۇ دېمەك روھەن ئۆلۈشكە باشلىدىڭ دېگەن سۆز، لېكىن كىشى ئۆلمەسلىكنىڭ ئامالىنى قىلمىقى لازىم. ئەگەر سەن توغرا بولساڭلا، ھامان سېنى چۈشىنىدىغانلار چىقىدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيادا غاپىللارلا ئەمەس، ئاقىللارمۇ باردۇر.

**مۇھەررىرى: ئەزىزە تۇيغۇن**



# بالىلار تەربىيىسى ۋە ھاياتلىق

غالىپ غوجىئابدۇللا

رېئال تۇرمۇشتا كىشىلەر بالىلارنى قانداق تەربىيەلەش ھەققىدە خىلمۇخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بەزىلەر مەكتەپ تەربىيىسىنى مۇھىم بىلسە، بەزىلەر ئائىلە تەربىيىسىنى، يەنە بەزىلەر جەمئىيەت تەربىيىسىنى مۇھىم بىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ بىر قاتار تەربىيىلەرنىڭ ھەممىسى بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىغا غايەت زور تەسىر قىلىدۇ. ئەمما بىز بۇ تەربىيىلەرنى بېرىش بىلەن بىللە بالىلارنىڭ ھاياتىنى قوغداشقا ئىنتايىن زۆرۈر بولغان بىخەتەرلىك تەربىيىسىگە ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. يەنى بالىلارنى كىچىكىدىن تارتىپ ھاياتلىقنى سۆيىدىغان، ئۆزىنىڭ جېنىنى ۋە باشقىلارنىڭ ھاياتىنى قوغداشنى ھەممىدىن مۇھىم ئىش دەپ قارايدىغان قىلىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەت دۇنياسىدا يۈز بېرىدىغان تەبىئىي ئاپەتلەر (كەلكۈن كېلىش، چاقماق چېقىلىش، يەر تەۋرەش قاتارلىقلار)دىن قانداق مۇداپىئەلىنىش، ئۇنى قانداق بايقاش، خەتەرلىك ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە، ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇش، قاتناش بەلگىلىرى، ئوتتىن ۋە سۇدىن مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرى، جىددىي قۇتقۇزۇش تېلېفون نومۇرلىرى قاتارلىقلار ھەققىدە چۈشەنچىسىنى ئايدىڭ قىلىشىمىز ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تەرەققىي تاپقان ئەللەردە بالىلارغا ھاياتلىق تەربىيىسىنى، يەنى جاننى قوغداش تەربىيىسىنى بەك مۇھىم تەربىيە دەپ قارايدىكەن. ئۇلار پەرزەنتلىرىنى كىچىكىدىن تارتىپ خەتەرلىك ئەھۋاللاردىن قانداق قۇتۇلۇپ، ئۆز جېنىنى ساقلاپ قېلىش ھەققىدە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدىكەن.

2004 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ھىندى ئوكياندا دېڭىز تاشقىنى يۈز بېرىشتىن سەل ئىلگىرى، ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن ئەنگلىيىلىك تىل شىمىس ئىسىملىك بىر قىز دېڭىز ياقىسىدا قۇم ئويناۋاتقانىكەن. ئۇ تاسادىپىي بىر غەلىتە ئەھۋالنى بايقاپ قاپتۇ. قارىسا دېڭىز يۈزىدە نۇرغۇن سۇ كۆپۈكلىرى پەيدا بولۇپ، دېڭىز سۈيىمۇ سەل تۆۋەنلەپ كېتىپتۇ، دېڭىز ياقىسىدا باغلاقلىق تۇرغان بە-

زى كېمىلەرنىڭ يېرىمى قۇرۇقلۇققا چىقىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ دەرھال مۇئەللىمىنىڭ دېڭىز تاشقىنى يۈز بېرىش ھەققىدىكى بېشارەت ھەققىدە دېگەن گەپلىرى ئېسىگە كېلىپ قاپتۇ. بۇنداق غەلىتە ئەھۋال بولغاندا دېڭىز تاشقىنى يۈز بېرىدىكەن. ئۇ قىز دەرھال بۇ ئىشنى ئاپىسىغا دەپتۇ. ئىلغار پەن ـ تېخنىكا ئۇسكۇنىلىرى بايقىيالمىغان ئىشنى كىچىككىنە بىر قىز بايقاپتۇ.

بۇ قىزنىڭ ئاپىسى ئىنتايىن زېرەك ئىكەن. ئۇ دەرھال بۇ ئىشنى ئاشۇ جاينىڭ ساياھەت ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىملارغا ئېيتىپتۇ. دېڭىز ياقىسىدا ساياھەت قىلىۋاتقان 100 نەچچە ئادەم دەرھال بىخەتەر جايغا بېرىۋاپتۇ. ساياھەتچىلەر خەتەرلىك جايدىن ئايرىلىپ بىر نەچچە مىنۇت بولمايلا، ئۇن نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتە دېڭىز دولقۇنى كېلىپ دېڭىز قىرغىقىغا ئۇرۇلۇپتۇ. خۇشاللىنارلىق يېرى، مۇشۇ قىز بولغاچقىلا ئۇلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتمەپتۇ.

ياپونىيە دۇنيادىكى ئەڭ كۆپ يەر تەۋرەيدىغان جايلارنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇلار بۇ ھەقتىكى بىخەتەرلىك تەربىيىنى يەسلىدىن باشلايدىكەن. ياپونىيىدە بالىلار ئەمدىلا ئىشلارنى چۈشىنىشكە باشلىغاندىلا، ئۇلارغا يەر تەۋرەش، دېڭىز تاشقىنى قاتارلىق غايەت زور تەبىئىي ئاپەتلەردىن قانداق مۇداپىئەلىنىش ئۇچۇرلىرىدىن ساۋات بېرىپ، يەر تەۋرىگەندە ياكى دېڭىز تاشقىنى يۈز بەرگەندە قانداق يەرلەرنىڭ خەتەرلىك، قانداق يەرلەرنىڭ بىخەتەر جاي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىدىكەن. ئۇلار ئۆزى تۇرۇۋاتقان جاينىڭ مۇھىتىغا ئىنتايىن دىققەت قىلىدىكەن، قانداق ئەھۋالدا ھاياتنى قانداق ساقلاپ قېلىشنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدىكەن.

مەلۇم بىر دۆلەتتە، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىناسىغا ئوت كېتىپتۇ. ئۇ بىنادا ئون نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ياتىدىكەن. ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەندىن كېيىن قالغان دۆلەتتىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلۈپ، ياپونىيىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ساق قاپتۇ. چۈنكى ياپونىيىلىك ئوقۇغۇچىلار شۇ بىنادا تۇرغاندا قەيەردە ئىشىك بار، قەيەردە پەلەمپەي بار، ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ قالسا قانداق قېچىش كېرەك، تاملاردىكى بىخەتەرلىك بەلگىلىرى قاتارلىقلارغا ئىنتايىن دىققەت قىلغانىكەن. ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ پۇتۇن كارىدورنى ئىس، قاپلاپ كېتىپ ھېچنېمىنى كۆرەلمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ سەزگۈسىگە، تەجرىبىسىگە تايىنىپ ئىشىكلەرنى تېپىپ قېچىپ كەتكەنىكەن.

فرانسىيىدە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مەلۇم بىر ئوقۇغۇچى، مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ يىقىلىپ كېتىپ، بوينىدىكى بىر تال تومۇرنى ئەينەك پارچىسى قىيىۋېتىپتۇ. بۇ بالا يىغلاش تۈگۈل، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، قان تومۇرىنىڭ ئاغزىنى بىر قولى بىلەن چىڭ ئېتىۋېلىپ، ئەڭ يېقىن جايدىكى تېلېفون بوتكىسىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېلېفون قىلىپ ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، قانسىراپ ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىمالى زور ئىكەن. دېمەك بۇ بالىنىڭ كاللىسىدا «خەتەرلىك ئەھۋال يۈز بەرسە، نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن ئۇقۇم ئىنتايىن ئېنىق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنى ئۇنۇملۇك قوغدىيالىغان.

دۇنيادا ھاياتلىقتىن قىممەت نەرسە بولمايدۇ. ئادەم بۇ دۇنياغا پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ. خەتەرلىك ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە قانداق قىلىپ ئۆز ھاياتىنى قوغداپ قېلىشتىنمۇ ئارتۇق ئۇلۇغ ئىش بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بالىلارغا تەربىيە بەرگەندە بىخەتەرلىك تەربىيىلىرى ئىچىدىكى تەبىئىي ئاپەتلەردىن قانداق قۇتۇلۇش، ئۇلارنى قانداق بايقاش ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ قويۇشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر.

ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مەملىكىتىمىزدە ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بېرىشتىن بۇرۇنقى بېشارەتلەرنى قانداق بايقاش ھەققىدە تەربىيە كەمچىل ئىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن مەملىكىتىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەبىئىي ئاپەتلەردىن ئۆزىنى قوغداش ئېڭى نىسبەتەن تۆۋەن ئىكەن. ھەتتا بەزىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى بايقاشلىرىغىمۇ ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن.

بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا جۇڭگودىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى چىجياڭ دەرياسىدىكى سەيخۇڭ كۆۋرۈكنى ساياھەت قىلىپ بولۇپ تاپشۇرۇق دەپتىرىگە بىر پارچە ماقالە يازغان. ئۇ بالا دەپتىرىگە: «كۆۋرۈكنىڭ ھەممە يېرىگە دەز كېتىپتۇ، ماشىنىلار كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندە كۆۋرۈك تىترەۋاتىدۇ، مېنىڭچە بۇ

كۆۋرۈك دەرهال گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدىغاندەكلا قىلىدۇ ...» دەپ يېزىپتۇ. بۇ بالىنىڭ ئاپىسى ماقالىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ماختاش تۈگۈل خاپا بولۇپ: «بۇ چوڭ كۆۋرۈك شەھىرىمىزنىڭ پەخرى، نېمىشقا سەن مۇنداق يازىسەن؟» دەپ تەنقىد قىپتۇ. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي بۇ كۆۋرۈك گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ قىرىق ئادەم قازا قىلىپتۇ.

ئەنگلىيىلىك ئانا بالىسىنىڭ بايقىشىغا ئىشەنگەچكە 100 نەچچە ئادەم ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالغان. ئەمما جۇڭگۇچىلىق ئانا ئۆز بالىسىنىڭ بايقىشىنى يېڭىكلىك بىلەن ئىنكار قىلغان. ئاخىر ئاپەت يۈز بېرىپ بالىنىڭ بايقىغىنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.

يۇقىرىقى بايانىدىن شۇنى چوڭقۇر هېس قىلىمىزكى، بالىلارغا بىخەتەرلىك تەربىيىسى بېرىشنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن بېرىلگەن بېشارەتلەرنى بايقىشىغا ئىشىنىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر.

ئادەم بۇ دۇنيادا ياشايدىكەن، خىلمۇخىل تاسادىپىي ۋەقەلەرگە يولۇقۇشتىن ساقلىنالمايدۇ. ھەتتا كىشىلەر ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ ئويلاپ باقمىغان ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئەمما بارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بېرىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭدا چوقۇم ئالدىن بېشارەت بولىدۇ. خۇددى شامال چىقىپ، چاقماق چېقىلىشى يامغۇردىن بېشارەت بەرگەندەك. يەھۇدىيلاردا: «ئالەمدە توپان بالاسى يۈز بېرىشتىن بۇرۇن، خۇدا نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىنى ياساشقا ئادەم ئاجراتقان» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئادەمنىڭ بېشىغا كەلگەن ھەر قانداق خېيىمخەتەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلىغاندا، چوقۇم ئۇنىڭغا نىسبەتەن تەدبىر تېپىلىدۇ. بۇ خىل تەدبىر تەربىيىدىن، شەيئىلەرنى كۆزىتىشتىن، تۇرمۇش تەجرىبىسىدىن ۋە ئەقلىي تەپەككۇردىن كېلىدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدا «تەدبىرلىك قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولۇر» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. بۇنىڭ ئۈچۈن بالىلارغا تەربىيە ئېلىپ بارغاندا، ھاياتلىقنىڭ ھەممىدىن قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، ھاياتلىقنى قوغداشتا، تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ بېشارىتىنى قانداق بايقاش، خېيىمخەتەرگە يولۇققاندا ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ تەدبىرىنى ئۆگىتىپ قويۇشىمىز تولىمۇ زۆرۈر.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

## تارشا پۈتۈك

باغۋەن تەكلىكى ئەتراپىدىكى ئىھاتە ئورمىنىنى كېسىپ تاشلىدى. سەۋەبى، دەرەخلەرنىڭ يىلتىزى ئۈزۈم تاللىرىنىڭ ئۆسۈشىگە توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ دېگەندەك، شۇنىڭدىن كېيىن باغۋەننىڭ ئۈزۈم تاللىرى كۆكلەپ، ياشناشقا باشلىدى.

بۇنى كۆرۈپ باشقا باغۋەنلەرمۇ دەرەخلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشتى. بۇنىڭ بىلەن كۆز يەتكۈسىز تەكلىكتە بىر تۈپمۇ دەرەخ قالمىدى. گويا ئالەم باغىستان بولدى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بورانباينىڭ شادلىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى ـ دە، بۇ يەرگە دەھشەت سېلىپ ئۇچۇپ كەلدى. قارا قاناتلىرىنى يېيىپ تەكلەرنىڭ غۇچچىدە غورا بولغان شۇڭلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، تۆمۈر تىرناقلىرى بىلەن تال باراڭلىرىنى دەسسەپ چەيلىدى. ھەممە يەر غەمستان بولدى. قارا بوران ئۆزىنىڭ بۇ «غەلىبە»سىدىن قۇۋىنىپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى ...

شۇ چاغدا توپا يېغىۋاتقان ئاسماندا بىر تال يوغان تارشا كۆرۈندى. ئۇنىڭدا: ئورمان كېسىش مەنئى قىلىنىدۇ. كۆكىرىپ تۇرغان دەرەخنىڭ بىر تال شېخىنى سۇندۇرغانلارغا بىر باش كالا، بىر تۈپ دەرەخنى كەسكەنلەرگە بىر باش ئات تۆلەم تۆلىتىلىدۇ، دەپ پۈتۈلگەنىدى.

باغۋەن ئاكا! بۇ پۈتۈكنى ئوقۇدىڭىزمۇ؟

### ياردەم

دادام شۇنداق دەيدىغان، پالانلارنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئۆرە قىلىمەن دېسەڭ، ئىككى پۇتىنى يىغىۋالىدۇ.

راست، كىشىلىك ھاياتتا ياردەمگە موھتاجلار بار، ياردەم قىلغۇچى ساخاۋەتچىلەرمۇ بار. ياردەمگە موھتاجلارغا ياردەم قىلغۇلۇق، ئەلۋەتتە. لېكىن كىشىلىك تۇرمۇشتا شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار قولتۇقىدىن يۆلەپ ئۆرە قىلىمەن دېسەڭ، ئىككى پۇتىنى يىغىۋالىدىغانلارغا ئوخشايدۇ. بۇ خىل كىشىلەرنى ئالدى بىلەن روھىي ـ مەنىۋى تەرەپتىن ئۆرە قىلماق لازىم. بۇ جەھەتتە جەمئىيەت ئاقىل ـ ئۆگۈتچىلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاجدۇر.

مۇھەررىرى: ئەزىزە تۇيغۇن

M I R A S



# ئەل سۆيگەن ئەلنەغمىچى مەڭلەشخان

ئابدۇللا مەجنۇن

خوتەن خەلق ئەلنەغمىلىرىنى توپلاش مۇددىئاسى بىلەن 1990 ـ يىلى سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى كېرىيە ناھىيىسىدىكى ئاتاقلىق خەلق ئەلنەغمىچىسى مەڭلەشخاننى ئىزدەپ كېرىيە ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدىم. ناھىيىلىك مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىپ، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىكى رەجەپ ھاشىمنىڭ يول باشلىشى بىلەن مەڭلەشخاننىڭ ئۆيىگە باردۇق. مەڭلەشخان ئاچام داستىخاندا ئىكەن. ئۇ ئىككىمىزنى كۆرۈپ:

ــ كېلىڭلار باللىرىم، ياخشى ئاش ئۇستىگە، يامان گەپ ئۇستىگە دەپتىكەن، مانا بۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى، ــ دېگىنىچە بىزنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. بىزمۇ كۆڭۈل سوۋغىلىرىمىزنى داستىخانغا قويدۇق. مەڭلەشخان ئاچام:

ــ بالام ئابدۇللا، ئاپاڭ تۇگەپ كەتكىلى بۇ يىل قانچە يىل بوپتۇ؟ ئاپاڭ ئوقۇغان «يول بولسۇن»، «ئالمىچى ئانارلىرىڭ» دېگەن ناخشىلار ھازىرقىدەك قۇلاق تۈۋىمدە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، ئاپاڭ ناھايىتى مېھماندوست، ئالىقىنى ئوچۇق ئايال ئىدى. ئاپاڭ ئىككىمىز ياخشى دوست ئىدۇق. بالام، سەن بۇ تەرەپلەرگە كەلمەيتتىڭ،بۇ قېتىم نېمە ۋەجىدىن كېلىپ قالدىڭ؟ ــ دەپ سورىدى.

مەن:

ــ مەڭلەشخان ئاچا، سىزمۇ ئاڭلاۋاتقانسىز، ھازىر جەمئىيىتىمىزدە يا سۆزىنى، يا مۇزىكىسىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر قىسىم «شاۋقۇن ـ سۈرەن» مۇزىكىلىرى ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرى بىلەن بازار تالىشىۋاتىدۇ. بىر قىسىم ياشلىرىمىزمۇ ئۇنىڭغا نادانلارچە ھېرىسمەن بولۇۋاتىدۇ، بۇ ھالەت داۋاملىشىۋەرسە بولمايدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە خوتەن نەغمىلىرى خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى سىزنىڭ قولىڭىزدا، خەزىنىڭىزدىن بىر ئاز جاۋاھىراتلار ئېلىپ كېتىپ، ئۆزۈم ياخشى ئىگىلەپ، مۇزىكا قىسمىغا بىر ئاز جاز چالغۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ياشلار قىزىققۇدەك قىلىپ، ياشلارنىڭ ۋە ناخشا خۇمار كىشىلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنساق، دېگەن مۇددىئا بىلەن مەخسۇس سىزنى يوقلاپ كەلگەنىدىم، ــ دېدىم.

ــ ياخشى ئويلاپسەن بالام، مەن بۇ يىل 68 ياشقا كىرىپتىمەن، بىر ئۆمۈر ناخشا ـ مۇزىكا ئىچىدە



ياشاپتىمەن. ئەقلىمنى بىلگەندىن تارتىپ مۇقام ئـاڭـلاپ
چوڭ بولدۇم. 1940 ـ يىللىرىغا كەلگەندە مۇقامچـىـلار
باشقا مىللەتلەرنىڭ ناخشىلىرىنى ئوقۇيدىغان بولۇۋالدى.
چوڭ ـ كىچىك يىغىلىشلاردا ئۆزگىلەرنىڭ ناخشا ـ مۇزى-
كىلىرىنى چېلىشنى بىلمەيدىغان خېلى ئاتاقلىق كىشىلەرگە
مۇزىكا چېلىش پۇرسىتىمۇ بېرىلمەيدىغان، باشقىلارنىڭ
ئادەتتىكى ناخشىسىدىن بىر قانچىنى بىلىدىغانلار قەدىر-
لىنىپ قالدى. ھەربىر سەنئەتكارنىڭ تاماشىبىنى ئـايـرىم
بولىدىكەن، بىر قىسىم مايمۇنسىمان ئادەملىرىمىز خەق-
نىڭكىنى چېلىپ، ئوقۇشۇپ يۈرۈۋەردى. 60 ـ يىلـلارغـا
كەلگەندە ھىندىستان، پاكىستان فىلىملىرى بىلەن بىللە بىر
قىسىم كىنو ناخشىلىرى بىر مەزگىل مودا بولۇپ دەۋر
سۈردى. بىر قىسىم نادان كىشىلەر ھەتتا فىلىمدىكى پېر-
سوناژلارغا ئاشىق بولۇپ، خوتۇن ـ باللىرىدىن ئايرىل-
دى. بەزىلەر راجىغا ئاشىق بولۇپ ئىسسىق ئۆيى، باللى-
رى، ئەرلىرىدىن ئايرىلدى. 60 ـ يىللارنىڭ ئاخـىـرىـغـا
كەلگەندە، سىرتتىن ئېقىپ كىرگەن ھەرقانداق بىر ئەسەر
زەھەرلىك چۆپ ھېسابلىنىپ ھەممىسى بىراقلا تازىلاندى.
بىر مەزگىل مۇقام ۋە خەلق نەغمىلىرى قارىلانغانىدى.
كېيىن ئۇ گەپلەرمۇ تۈگەپ نىھايەت«ئوتنىڭ ئوتقا باردى،
سۇنىڭ سۇغا باردى، قالدى قېتىقنىڭ بەش پۇلى» دې-
گەندەك يەنە ئۆزىمىزنىڭكى بىلەن قالدۇق. شۇ كۈرگەن-
لىرىمىزدىن قارىغاندا بىزنىڭ مۇقام ـ مەشرەپلىرىمــىـز،
خەلق ئەلنەغمىلىرىمىز ئۈزۈلمەس، تۈگىمەس بىر مۇقەد-
دەس مېلودىيە، ئەڭ ئاۋۋال ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلغىن!
ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا مۇزىكا قىسمىنى دەۋر
روھىغا ماسلاشتۇرساڭ بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، كۈنلەر-
نىڭ بىرىدە ئەسلىي ھالىتىنىمۇ تاپماق قىيىن بولۇپ قې-
لىشى مۇمكىن،ــــ دېدى.

شۇ ئارىدا مەڭلەشخان ئاچامنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئابد-
لىمىت شاڭخادەن، ئابدۇللا زەرگەر، ئەھەت، ئۆمەر قا-
تارلىقلار داپ، دۇتارلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپ كەلدى.
مەتتوختى ئىسمائىل قوشۇلۇپ ئالتىمىز بىر مەيگە ئول-
تۇرۇپ ئارال يېزىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. ئۇ يەردە

بىزنى كۆتۈپ تۇرغانلار بىلەن كۆرۈشۈپ داستىخانغا كەلدۇق.

بىر پەس ئۆتكەندىن كېيىن سازەندىلەر قوللىرىغا سازلىرىنى ئېلىشىپ سازلاشقا باشلىدى، مەنمۇ ئۈنئالغۇنى تەييار قىلدىم. مۇزىكا ساتار، تەمبۇر بىلەن باشلاندى. «مۇشاۋرەك مۇقامى»نىڭ مۇقەددىمىسىنى ئابدۇقادىر ساتاردا چالدى، مەگلەشخان ئاچام تەمبۇر، ئابدۇللا زەرگەر نەغمە دېيىنى يەلپۈپ ئولتۇرۇپ مۇقەددىمە ئوقۇدى.

زوھۇرنىڭ زوھۇرىدىن چۈشۈپ ھەركىمگە بىر سەۋدا،

شۇ سەۋدالار ئىچىدە جاھان بازارىدا ملڭ غەۋغا.

مۇقەددىمىدە ناۋايىنىڭ يۇقىرىقى غەزىلى قەيت قىلىندى. مۇقەددىمىگە ئەگىشىپ ھەممە بىرلىكتە مۇشاۋرەك مۇقامىنىڭ نەغمە قىسمىغا جور بولدى. بەزمە بارغانسېرى يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بېشىغا كىچىك تەلپەك، ئۈستىگە پەرىجە كىيىۋالغان 40 ياشلاردىكى بىر جۇۋان لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشتى ۋە باشقىلارنى تارتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتىكى كەيپىياتنى سۆز بىلەن ئىپادىلەش قىيىن كېلەتتى. بۇ بىر كۈن شادىمانلىق ئىچىدە كەچ بولدى. ھەممىمىز باغ ئىگىسى بىلەن چىرايلىق خوشلىشىپ ئۆز خانىلىرىمىزغا قايتتۇق.

ئەتىسى مەگلەشخان ئاچام بىلەن كۆرۈشۈپ ئىككىمىزلا ئايرىم پاراڭلاشتۇق. مەگلەشخان ئاچام:

—مەن 1922 ـ يىلى كېرىيە بازار ئىچى ئۈستەڭ بويى مەھەللىسىدە بىر ئەلنەغمىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ئىكەنمەن. ئەقلىمگە كەلسەم دادام ھاشىم ئاخۇن، ئانامنىڭ بەش ئىنىسىغا مۇقام ئەلنەغمە ئۆگىتىدىكەن. بۇلار نەدە توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ سورۇنلىرى بولسا مېنىمۇ ئېلىپ باراتتى. كېيىن دادام بىلەن ئانام توگەپ كېتىپ بەش ياش ۋاقتىمدىلا بەش تاغامنىڭ قولىغا قاپتىمەن.

1931 ـ يىلى تاغىلىرىم مېنى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتتى، 1940 ـ يىلى دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇدۇم. 1941 ـ يىلى تاغىلىرىم ئۆيلىشىپ، مەگسۇرقارىمغا مەجبۇرىي ياتلىق قىلىشتى. بۇ قارىم بىلەن بىر ئايدەك ئۆي تۇتۇپ ئاجرىشىپ كەتتىم. چۈنكى مەن كىچىكىمدىن ناخشا ـ مۇزىكا ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، بۇ بىر دىنىي مۇخلىس، ئۇلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا كۆنەلمىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلدىم، يەنىلا قولۇمدا تەمبۇر، ئاتا كەسپىم بولغان بۇ ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن. كېيىنكى كۈنلەردە ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن خىزمىتىمدىنمۇ ئايرىلدىم. بالام، شىنجاڭدا ناخشا ـ مۇزىكا چوڭ جەھەتتە ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، بىرى، قومۇل ئەلنەغمىلىرى، بۇ نەغمە ئاساسەن شەرق ۋە شىمالدىكى لوپنۇر، تۇرپان، توقسۇن، ئىلى قاتارلىق رايونلارغا ئومۇملاشقان. يەنە بىرى، كۇچا نەغمىلىرى بولۇپ، ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭغا كەڭ ئومۇملاشقان. كۇچا نەغمىلىرى بىلەن خوتەن نەغمىلىرىنىڭ مېلودىيە ۋە كۈي شەكىللىرىدە تولىمۇ ئوخشاشلىق بولۇپ، بۇنىڭ قايسى بۇرۇن، قايسى كېيىن بۇنى بىر نېمە دېيىش قىيىن. بۇ جەھەتتە بىز كۇچادىكى ناخشا پىرى نىساخان بىلەن نەچچە قېتىم ئۆز ئارا تالاش ـ تارتىش قىلىشقان، بىراق نەتىجىسى چىقمىدى. 50 ـ يىللاردا نىساخان مېنى كۇچاغا تەكلىپ قىلدى. بىز ئەلنەغمىچى ئاياللاردىن نىساخان دىلى ـ دىلى، مەرەمخان، سادەتخان قاتارلىق تۆتىمىز كارۋانلارغا قوشۇلۇپ يىگىرمە كۈندە كۇچاغا يېتىپ باردۇق. قارىساق نىساخان بىلەن مەجەزىمىز راسا بىر يەردىن چىقتى. ئۇلار بىزنى قوبۇۋەتمەي بىر يىل كۇچانىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدا مەشرەپ قىلدۇق. كېيىن نىساخان خوتەنگە كەلدى، ئۇلار ئۈچ ـ تۆت ئادەم خوتەندە بىر يېرىم يىل تۇردى. نىساخان بىللە كەلگەن زورىخان خوتەن شەھىرى توزغاق كوچىسىدىكى تۇرسۇن ئاخۇن داپچىغا ياتلىق بولۇپ، خوتەندە تۇرۇپ قالدى. بۇ ئىككى يۇرت نەغمىلىرىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرى ھەر ئىككى يۇرتقا ئومۇملىشىپ قالغان. مېنىڭچە بۇ نەغمىلەرنىڭ يۇرت تەۋەلىكىنى ئايرىپ چىقمەن دەپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. 1951 ـ يىلى كېرىيەدە بىر قېتىم كەڭ دائىرىلىك خەلق ئەلنەغمىچىلىرى ماھارەت كۆرسىتىش كۆرىكىدە مەن ساتار بىلەن ئەجەم مۇقامىنىڭ مەشرەپ قىسمىنى ئىجرا قىلىپ، 1 ـ دەرىجىگە ئېرىشتىم. 1958 ـ يىلى ئىيۇندا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە تەمبۇر بىلەن مۇشاۋرەك مۇقامىنىڭ مەشرىپىنى ئورۇنداپ، 1 ـ دەرىجىگە ئېرىشىپ، پايتەختتە ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەرمىللەت خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ ما-

005

هارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە تاللىنىپ، شۇ يىلى يىل ئاخىرىدا بېيجىڭغا بېرىپ، مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 2 ـ دەرىجىگە ئېرىشتىم. ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتلاردا ۋىلايەت ۋە ناھىيە تەۋەلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن ھەرقانداق چوڭ ـ كىچىك كۆرەك ۋە مۇسابىقىلەردە ئىزچىل يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتىمەن».

مەن سۆز قىستۇردۇم:

— مەڭلەشخان ئاچا، تولا گەپ سوراپ بىر ئاز تالدۇرۇپ قويدۇم، شۇنداقتىمۇ بىر ئاز غەيرەت قىلىپ، يۇرتىمىزنىڭ يەرلىك ئەلنەغمە ئاھاڭلىرىدىن بىر قانچىنى ئورۇنداپ بېرەرسىزمۇ؟

— بولىدۇ بالام، ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئەمدى شۇنى قىلماي نېمە قىلىمىز — دېگەچ قولىغا تەمبۇرنى ئالدى ـ دە، «جورام» دېگەن خەلق نەغمىسىنى باشلىدى.

دەردىم بايۇ دەردىم با،
باشىمدىكى ساچىمدەك.
دەرد تارتماي ئۆلۈپ كەتسەم،
ھاۋادىكى لاچىندەك.

شۇ باشلىغىنىچە تا كۈن پاتقىچە يەرلىك ئەلنەغمە ئاھاڭلىرىنى ئورۇنداپ بەردى. ھەممىنى ئۈنئالغۇغا ئېلىۋالدىم.

— ئۇھ بالام، ئۇزاق بوپتىكەن، سالامەتلىكىم ياخشى بولالماي، بۈگۈنكىدەك تولۇقى بىلەن يورۇشتۇرۇپ نەغمە قىلمىغانىدىم. بۈگۈن سىنى كۆرۈپ خېلى جان كىرىپ قاپتۇ — دەپ ئاستا تەمبۇرنى ئۆرۈك دەرىخىگە يۆلەپ قويدى، مەھىيا بەگ گۆش سېلىپ قويغان ئىكەن، بىرەر پارچىدىن تاناۋۇل قىلىشىپ، خوشلىشىپ قايتىپ كەلدۇق.

كەچتە ياتاققا قايتىپ، ئۈنئالغۇغا خاتىرىلەنگەن نەغمىلەرنى بىرەر قۇر تەكشۈرۈپ قارىسام، بۇ كۈنى 40 دىن ئارتۇق نەغمە ئوقۇپتۇ، ئەتىسى ئەتىگەندە مەڭلەشخان ئاچام ۋە باشقىلار بىلەن خوشلىشىپ، خوتەنگە قايتتىم.

مەڭلەشخان ئاچام بىر پۈتۈن ئۆمرىنى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»، جۈملىدىن خەلق ئەلنەغمە سەنئىتىگە ئاتىۋەتكەن بىر ئۇلۇغ ئانا. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»غا ۋارىسلىق قىلىش، خەلق ئەلنەغمە سەنئىتىنى بېيىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ خەلق ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن يىراقنى كۆرۈپ، بىر قانچە تايانچ كۈچلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. ئۇ جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى. ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قەدەر بولغان خەلق ئەلنەغمە ئاھاڭلىرىدىن يۈزدىن ئارتۇق ئاھاڭنى «ئات قىسسىسى»، «سۇلتان جەمجەمە» قاتارلىق مۇزىكىلىق خەلق داستانلىرىنى، جۈملىدىن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ خوتەن ۋارىيانتىنى خېلى تولۇقى بىلەن يەتكۈزۈپ بەردى.

ئۇ قالدۇرغان نادىر ئەسەرلەردىن يەتتە يۈرۈشلۈك كېرىيە خەلق سەنىمى ھازىر خوتەن سەنىمى سۈپىتىدە ئورۇندالماقتا. خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە فىلىملەرگە مەڭلەشخان ئاچام قالدۇرغان كېرىيە سەنىمىنىڭ مۇزىكىسىنى قوبۇل قىلدى. ھېكىم ھەسەن رەتلەپ، تېلېۋىزىيىگە بەرگەن «ئۇيغۇر سەنەملىرى» ئىچىدە «خوتەن سەنىمى» دەپ ئالغان ئاھاڭ مەڭلەشخان ئاچام قالدۇرغان «جورام»، «ئامان جۆرىيار» قاتارلىق خەلق ناخشىلىرى تىيانشاننىڭ شىمال، شەرق، غەرب، جەنۇب ھەممە جايلىرىدا كەڭ ئومۇملىشىپ، ھەر خىل چوڭ ـ كىچىك بەزمىلەردە جاراڭلىماقتا. بىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ ناخشا پېشىۋايىمىزغا 1992 ـ يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «خەلق مۇقامچىسى» دېگەن نامنى بېرىلىپ، قولىغا گۇۋاھنامە بەردى ۋە ماددىي جەھەتتىمۇ مۇكاپاتلاندى.

مەشھۇر خەلق مۇقامچىسى، خەلق ئەلنەغمىچىسى، خەلق داستانچىسى مەڭلەشخان ئاچام 1997 ـ يىلى ئاپرېلدا بىز بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان قىممەتلىك بىباھا ناخشا ـ كۈيلىرى خەلقىمىزگە مەڭگۈ مەنىۋى ئوزۇق بولغۇسى.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

MIRAS



ئابدۇقادىر جالالىدىن

# جىمجىتلىقتا ئويلىغانلىرىم

يالغۇزلۇق سىزنى ئۆزىڭىزگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ، بۇ چاغدا جاھاندارچىلىقنىڭ جىددىي قايناملىرى سىزنى ۋاقىتلىق ئۆز رايىڭىزغا قويۇۋېتىدۇ، سىزدىكى ئىككى ئۆزلۈك ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە سىنچىلاپ بېقىشىدۇ، ھايات غوۋغالىرىدا يىتۈپ كەتكەن ئۆزلۈكىڭىزنى يەنە بىر ئۆزلۈكىڭىز قولىغا ئېلىپ قارايدۇ، ئۆرۈپ ـ چۆرۈيدۇ، ئىككى ئۆزلۈكنىڭ جەۋھىرى بىر نۇقتىدا ئۇچراشقاندا، جىمجىتلىق باشلىنىدۇ. جىمجىتلىق تېگى يوق دېڭىز، ئۇنىڭغا سىزنىڭ ئىنسانىي مەۋجۇتلۇقىڭىز تىنىمسىز چۆكۈۋاتقان بولىدۇ، چۆكۈۋاتقان بۇ نەرسە سۇدەك رەڭسىز، يوقلۇقتەك جىسمسىز، بەلكى لۇغەت ۋادىسىدا ئىسىمسىز. ئەقلىڭىز ۋە شۇ چاغقا قەدەر توپلىغان بىلىملىرىڭىز جىمجىتلىقنىڭ قەرىگە چۆكۈۋاتقان ئاشۇ ئىسىمسىز نەرسىنى بويلاپ چوڭقۇرلاشقا ئىنتىلىدۇ. بەلكى ئەقىل بىر يەرلەرگە بارغاندا ئېرىپ كېتىپ، چەكسىز جىمجىتلىقنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ جىمجىتلىق ئىچىدىن سۇزۇپ چىققانلىرىمىز جىمجىتلىق ئىچىگە يوشۇرۇنغان سادالارنىڭ ئازغىنا بىر قىسمى، مەركىزىي ئاۋازلار يەنىلا بىزدىن ئۇزاپ كەتمەكتە.

يالغۇزلۇق جىمجىتلىق ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ جىمجىت ئۆلكىلىرىمۇ بولىدۇ؛ جىمجىتلىق يالغۇزلۇق ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ ۋاقىت بىلەن تۇتاشمىغان نۇقتىلىرى بولىدۇ. بەزىدە مەن قاينام ـ تاشقىن ئادەملەر ئارىسىدا تۇرۇپ قەبرىستان جىمجىتلىقىنى بايقاپ قالىمەن. كىشىلەر دەۋرەپ ئۇزاپ كېتىۋاتقان سۇ، مەن تاش، ۋاقىت مېنىڭ كۆلەڭگەم. ئىنسانىيلىقىم قەيەردە بولسا ۋاقىت شۇ يەردە. تاش باللارنىڭ غۇبارسىز قەلبىدە ئېرىــيدۇ ۋە زۇۋان سۈرىدۇ. ئاھ، ۋاقىت بىلەن پومداقلاشقانلىرىم، بۇ چاغدا دېيىشكەن گەپلىرىمنىڭ بىرسىمۇ ئېسىمدە قالماپتۇ. لېكىن تەمى ئېسىمدە.

جەملە مېنى ئۆيدە قالدۇرۇپ، ئوقۇشقا چىقىپ كەتكەندە ئەنە شۇنداق تۇيغۇلاردا بولىمەن. كوچىدا يۈرگەنلىرىمدىمۇ شۇنداق تۇيغۇلار بولغان. ئەپسۇس، ئۇلارنى خاتىرەمگە پۈتۈۋالماپتىمەن. ۋاقىت ئۆزىنىڭ دەل ۋاقتىدا قوبۇللانمىغان سوۋغىلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىشكــە بەك ئۇستا. دوستلار، خاتىرەمنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا ئالدىراپ ـ تېنەپ پۈتۈپ قويغان بەزى قۇرلارنى سىلەرگە شۇ پېتى تەقدىم قىلىدىغان بولدۇم، ھېكمەتلىك كۆزۈڭلار



2005.5

ساددا كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

2002 ـ يىلى 30 ـ ئىيۇن

ھەممە ياق جىمجىت.

مەن ياپونىيە جەمئىيىتىنى چۈشەنمەيمەن، ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان يەرنىڭ كوچىلىرىنى تونۇمايمەن، تۇرمۇش يوسۇنى ۋە ئىستېمال قائىدىلىرىنى تونۇمايمەن. بۇ يەردىكىلەر مېنى تېخىمۇ تونۇمايدۇ. ياپونىيە جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەن زادى كىم؟ يېڭى بىر سالاھىيەت مەسىلىسى تۇغۇلماقتا.

مەن ئۇيغۇر، لېكىن مېنىڭ ئۇيغۇرلۇقۇمنى بۇ يەردىكىلەردىن ھېچكىم بىلمەيدۇ. زامانىۋى مەدەنىيەتكە ئىگە ياپونىيە مەن ئۈچۈن يوچۇن ئارال، مەن يېرىم روبىنزون كروزو، يېرىمىمنى ياپون تىلىنى بىلىدىغان خوتۇنۇم تارتىۋالغان.

چەت ئەلگە يېڭى چىققان بىر ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى تونۇتۇپ ياشامدۇ ياكى باشقىلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى نوقۇل تونۇش بىلەن ياشامدۇ؟ تونۇتۇش ۋە تونۇش مىللىي كىملىكنىڭ تېشى ۋە ئەستىرى.

2002 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇل

ھەممە ياق جىمجىت.

ساۋ شىچاۋ ئەپەندىنىڭ «ھەزارەت (كۇلتۇر) ئىستراتېگىيىسى» كىتابىدا مۇنداق دېيىلىپتۇ:

«سەن ئەنگلىيىلىك بولۇپ، فرانسىيىدە تۇرساڭ، فرانسىيە سېنىڭ تۇرالغۇڭ بولىدۇ. ئەگەر سەن فرانسىيە پۇقرالىقىغا كىرسەڭ، ئۇ سېنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىڭ بولىدۇ. لېكىن، سەن قانداق ئادەم؟ سەندىكىسى ئىنگلىز مەدەنىيىتى، سەن پۈتۈنلەي ئىنگلىزچە ئويلايسەن، باھالايسەن، ئىنگلىزچە تۇيغۇلاردا بولىسەن ياكى ھەرىكەت قىلىسەن. سەن يەنىلا ئىنگلىز».

بۇ گەپ مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى: ئەگەر بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى چۈشەنمىسە، كېلەچىكى توغرىسىدا ئويلانمىسا، پەقەت قورساق بېقىش ۋەسۋەسىدىلا بولسا، بالىلار ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، مىللىي كىملىكى ھەققىدە مەكتەپلەردىن ساۋاق ئالالمىسا، ئۇ بىلىقتا ئوخشاش ياشىشى مۇمكىن. ئۇ پاكىز سۇدىمۇ ياشاۋېرىدۇ، پاسكىنا سۇدىمۇ ئاۋاز چىقارماي ياشاۋېرىدۇ، سۇسىزلىقتىنمۇ ئاۋاز چىقارماي ئۆلىدۇ.

ساۋ شىچاۋ ئەپەندى ئېيتىدۇ:

«بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇش ـ بولماسلىقى ھەزارەت (كۇلتۇر)نى بەلگە قىلىدۇ. ئەگەر ئىنگلىزلار خەنزۇلاردەك تەپەككۇر قىلىپ، خەنزۇلاردەك قىلىق قىلسا، خەنزۇلاردەك خىزمەت قىلسا ۋە تۇرمۇش كەچۈرسە ئۇلار ئىنگلىز بولماي قالىدۇ. ئەگەر بىر ئىنگلىز خەنزۇچە سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتسە، چوكا ئىشلەتسە، جۇڭگوچە داۋالانسا، شياۋلىن گۇڭپۇسىنى مەشىق قىلسا ئۇ خەنزۇغا ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. ھەزارەت (كۇلتۇر) يوقالسا مىللەت يوقىلىدۇ».

«ئۆتكەن يىلى بىر ئالىي مەسلىھەتچىلەر ئۇچرىشىشىدا ئامېرىكىلىق بىر كەسپداشقا يولۇقۇپ قالدىم. مەن ئۇ ئايالنى بىر قاراشتىلا جۇڭگولۇق ئىكەن دەپ بىلىۋالدىم. ئۇنىڭ چىرايىدىن قارىغاندا، تىپىك جۇڭگولۇق ئىدى. بىز قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق. ئۇنىڭ ھەمراھىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ خەنزۇچە سۆزلىيەلمەيدىكەن، خەنزۇچىنى ئاڭلاپمۇ چۈشىنەلمەيدىكەن. بىز تەرجىماننىڭ ياردىمى بىلەن تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردۇق. پاراڭ جەريانىدا بايقىدىمكى، ئۇنىڭ بىلىمى پۈتۈنلەي ئامېرىكا مائارىپ سىستېمىسىدىن كەلگەن، ئۇنىڭ نەزەرىيىلىرىمۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا جۇغلانغانىدى. تاماق ۋاقتىدا قارىسام، ئۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ داستىخان قائىدىلىرىنىمۇ، قاچا ـ چوكىلارنى جۇڭگوچە ئىشلىتىشنىمۇ بىلمەيدىكەن. شۇ چاغدا، مەن بىر جۇڭگولۇق بىلەن ئەمەس، بىر ئامېرىكىلىق بىلەن تاماق يەۋاتقىنىمغا ھەققىي ئىشەندىم، ئۇنىڭ ئامېرىكا ھەزارەت (كۇلتۇر)ىگە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتكەنلىكىنى، مەن ئۈچۈن كلىنتون بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇنىڭ چىرايىلا ساقلىنىپ قالغان. لېكىن، روھىي دۇنياسى ئايىنىپ بولغانىدى».

ساۋ شىچاۋ ئەپەندىنىڭ بايانلىرىنى قىياسەن ئۆزۈمگە يۆتكەپ بېقىپ، ئەندىكىپ كەتتىم ۋە بۈيۈك تارىخچىمىز موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدىي» دېگەن كىتابىدىكى مۇنۇ مىسرالار يادىمغا كەلدى:

«ئۆزگەنەي دەپ قارغا كەكلىك ماڭىشىن،

ئۆرگەنەلمەي ئۇنۇتتى ئۆز ماكىنىسىن».

(قاغا كەكلىكنىڭ مېڭىشىنى ئۆگىنىمەن دەپ، ئۆزىنىڭ مېڭىشىنى ئۇنتۇپ كەتتى).

2002 ـ يىلى 4 ـ ئاۋغۇست

ھەممە ياق جىمجىت.

ئۆيگە مەھكۇم بىر خىل رىتىمدىكى تۇرمۇشىمدا ھېچبىر يېڭىلىق يوق.

ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش ھەققىنى نېمە سەۋەبتىن كىملەرگە تارتقۇزۇپ قويغان بولغىيتتىم. تۈگىمەس مېھماندارچىلىق، يىغىن، توي ـ تۆكۈنلەرنىڭ غوۋا مەنزىرىسى كۆز ئالدىمدا. يات بىر مۇھىتتىكى تەمتىرەشلىرىم، يات بىر مەدەنىيەت ئالدىدىكى پاسسىپ ھالىتىمنى قانداق تىللار بىلەن ئىزاھلىغىلى بولار؟

مېنىڭ ئىنگلىز تىلى ۋە ياپون تىلىدا چوڭ ئىلمىي مۇھاكىملەردە سۆزلىگۈم كېلىدۇ، ياتلارغا ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى بىلدۈرگۈم كېلىدۇ.

مىڭ يىللار ئىلگىرى سېلىشتۇرما تىل ئىزاھلىق لۇغىتى تۈزگەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ 21 ـ ئەسىردىكى ئەۋلادى تۇرۇپ، يات تىلدىن قىسىلىۋاتىمەن. قىسىلىش ـ بۇ ئەجەب بىر گەپ ئىكەن.

2002 ـ يىلى 6 ـ ئاۋغۇست

ھەممە ياق جىمجىت.

كۈنلەر زېرىكىشلىك. چۈنكى، تىل مەسىلىسى مېنى كىشىلەردىن ئايرىپ تۇرىدۇ. مۇمكىن بولسا ياپونىيە جەمئىيىتىنى ئوبدان چۈشىنىپ، تۈزۈك جاھان كۆرمىگەن خەلقىمگە تەرەققىياتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە جىق نەرسىلەرنى دەپ بەرگۈم بار، ئۇلار بۇنى ئويلىنىشنىڭ يىپ ئۇچى قىلسا بولاتتى.

ھەممە ئىش پۇرسەتكە باغلىق، پۇرسەت ئادالەتكە باغلىق.

ئۇيغۇرلاردىكى ھېسسىياتچانلىق، قىزىققانلىق ھەمدە ۋاقىت بىلەن ھېسابلاشمايدىغان دوستانىلىق شۇ قەدەر مېھرىلىك ھەم ئىللىق بولسىمۇ، لېكىن نەپىنى مەقسەت قىلغان رىقابەتلىك جەمئىيەتتە بۇنداق بەگىۋاش ئاق كۆڭۈللۈك خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە زىيان سالماقتا. قانداق قىلغاندا بۇ ساددا خەلقنى ئەقىل، ئەقىدە بويىچە ئىش كۆرىدىغان، پىلان بويىچە پائالىيەت قىلىدىغان، پىلانغا بولغان كاپالەتنى ئادەمگەرچىلىك قائىدە ـ يوسۇنلىرىدىن مۇھىم بىلىدىغان ئاقىلانە مىللەت قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى بولار؟ بۇ ھەقىقەتەن چوڭ تېما.

بۈگۈن ماگىزىنغا تۇخۇم ئالغىلى بارغانىدىم. ۋېيتناملىق تاۋ (THAO) ئىسىملىك بىر قىز بىلەن ئىنگلىزچە پاراڭلاشتىم. پاراڭىمىزغا ئوما ئىسىملىك بىرمىلىق قىزمۇ ئارىلاشتى. ئىنگلىزچەم راۋان بولمىسىمۇ، ئۇلار بىلەن مەكتەپكە قايتىپ كەلگۈچە ئۇنى ـ بۇنى دېيىشتىم. ئۇلار «جەملە سىزنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، بىز ئۇنى بىلىپ تۇردۇق» دېيىشتى.

ـ مەن ئۇنىڭ ئېرى، بۇنى ئەلۋەتتە چۈشىنىمەن، ـــ دېدىم مەن.

ـــ سىز بەك بەختلىك، ئايالى تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلگەن ئەر بەختلىك بولىدۇ ـــ دېدى ۋېيتناملىق قىز.

ـــ سىز توي قىلدىڭىزمۇ؟ ـــ دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ـــ ھەر ئىككىمىز توي قىلمىغان، ـــ دېيىشتى ئۇلار بىردەك.

ـــ سىلەر ئەر ـ ئايال تۇرمۇشى ھەققىدە جىق نەرسىلەرنى بىلىدىكەنسىلەر، نەدىن ئۆگەندىڭلار، ـــ دېدىم ئۇلارغا.

ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

قىز ـ ئاياللار بىلەن تۇرمۇش ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش قىزىقارلىق بولىدۇ. مەن بۇ قېتىملىق پاراڭدىن راھەت ھېس قىلدىم.

ئۆزىنى ئىپادىلەش بىر خىل ھۇزۇرلۇق.

(ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «ئۆزىنى ئىزدەش يوسۇغىسىدا» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى)

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

**بىلدۈرگۈ**

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق سانلىرىغا ۋاقتىدا مۇشتەرى بولالمىغانلار تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلاشسا بولىدۇ.

تېلېفون نومۇرىمىز: 4554017 ـــ 0991

# يۇمۇرلار





### گىتلېرنىڭ ئويۇن كۆرۈشى

بىر قېتىم گىتلېر تىياتىرخانىدا ئوپېرا كۆرۈۋاتاتتى، گىتلېرنىڭ كۆرۈنۈشى چىقىشىغىلا زالدىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ چاۋاك چېلىپ كېتىشتى، پەقەت گىتلېرلا مىدىرلىماي ئولتۇراتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر ياش بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ گىتلېرنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى:

—سىز ھەقىقەتەن باتۇر ئىكەنسىز، ئەگەر قورقمىسام مەنمۇ ئۇ كاسكى ئىتقا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئولتۇرمايتتىم،—دېدى.

### يۇرەكلىك بولۇش

بىر ئادەمنىڭ چىشى ئاغرىپ ئارام بەرمىدى، ئەمما ئۇ چىش دوختۇرىغا كۆرۈنۈشتىن قورقاتتى، شۇنداقتىمۇ بىر كۈنى ئاغرىققا چىدىيالماي دوختۇرغا كۆرۈنگىلى باردى. بىراق، دوختۇرنىڭ ئامبۇرنى ئاغزىغا سېلىشىغا پەقەت يول قويمىدى، شۇنىڭ بىلەن دوختۇر ئۇنى بىر ئاز يۇرەكلىك بولۇپ قالار دەپ، شاگىرتىغا ئۇنىڭغا بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

—ئەمدىغۇ بىر ئاز يۇرەك پەيدا بولغاندۇ سىزگە،—سورىدى دوختۇر.

—ھېچ پايدىسى بولمىدىغۇ!

دوختۇر ئۇنىڭغا يەنە ئىككى رومكا ئىچكۈزدى.

—ئەمدىچۇ؟—سورىدى دوختۇر.

—قېنى قايسىڭ چىشىمغا چېقىلىدىكەنسەن، مەن بىر كۆرەي!!!—ۋارقىرىدى بىمار ئورنىدىن دەس تۇرۇپ.

### مەن ئالۋاستى

بىر خانىمنىڭ ئېرى دائىم ئۆيىگە مەست كېلەتتى. شۇڭا خانىمى ئېرىنى بۇ يامان ئادەتتىن بەزدۈرۈش نىيىتىدە مىلاد بايرىمى كۈنى كەچتە ئۆزىنى ئالۋاستى

قىياپىتىدە ياساپ، ئېرىنىڭ قايتىش يولىدىكى بىر دەرەخنىڭ كەينىگە مۆكۈنۇۋېلىپ، ئېرىنى راسا بىر قورقۇتۇۋەتمەكچى بولدى. ھايال ئۆتمەي ئېرى دەل شۇ يەردىن ئۆتۈشكە ئېرىنىڭ ئالدىغا سەكرەپ چىقتى.

ــ سەن كىم؟ ــ دېدى ئېرى.

ــ مەن ئالۋاستى!

ــ ئەمىسە مەن بىلەن ماڭ! ــ دېدى ئېرى قىلچە قورقماستىن، ــ مەن سېنىڭ سىڭلىڭ بىلەن توي قىلغان، قورقۇپ قالمايمەن.

### كۆزىمىز ئالدىدا

ئوقۇتقۇچى:

ــ چاقماق چاققاندا چاقماقتىن چىققان نۇر بىلەن ئاۋازى بىرلا ۋاقىتتا چىقىدۇ. بىراق، بىز نېمە ئۈچۈن نۇر چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئاۋازنى ئاڭلايمىز؟

ئوقۇغۇچى:

ــ چۈنكى كۆزىمىز قۇلاقنىڭ ئالدىدا تۇرسا.

### ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

بىر توپ دوستلار دائىم دېگۈدەك بىر ئاشپۇزۇلغا كېلىپ تاماقلىناتتى، ئۇلار دائىم كۇتكۇچىگە چاقچاق قىلاتتى، بەزىدە چاينى تۆكۈۋېتەتتى، يەنە چاي قۇيۇڭ دەيتتى. ئىشقىلىپ ئۇلار ھەر قېتىمدا بىر «يېڭىلىق» تېپىپ تۇراتتى. بىراق بۇ ئىشلاردىن كۇتكۇچى پەقەت ئاغرىنمايتتى.





بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى تاماقلىنىپ بولۇپ، كۇتكۇچىگە ئوبدانلا تاپان ھەققى بەرگەندىن كېيىن:

ــ سىز بەك ئوبدان جۇمۇ، بىز سىزگە نۇرغۇن قېتىم ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرسەكمۇ پەقەت بىزدىن رەنجىپ باقمىدىڭىز، بىز ئەمدى ئۇنداق قىلىقسىزلىق قىلمايمىز، ــ دېدى.

ــ ئۇنداقتا رەھمەت، ــ دېدى كۇتكۇچى، ــ مەنمۇ ئەمدى قەھۋەيىڭلارغا پېتىكمىنى يۇيغان سۇنى قېتىپ قويمايمەن.

### قانداق قىلۇرمەن

ــ ھەي قانداق قىلسام بولار، ــ دېدى بىر ئۆيلەنمەكچى بولغان يىگىت دوستىغا، ــ مەن باشلاپ بارغان قىزلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئاپام ياقتۇرمايۋاتىدۇ!

ــ بۇنىڭ چارىسى ئاسان، ــ دېدى دوستى، ــ ئاپاڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان قىزدىن بىرنى ئاپارساڭلا بولدى.

ــ بۇرۇنلا شۇنداق قىلغان. ئەمما، ئۇنى دادام ياقتۇرمىدى ئەمەسمۇ.

ئىلھامجان نىياز تەرجىمىسى

### ھايۋانات ھەۋەسكارلىرى ئائىلىسى

شىياڭگاڭلىق شياۋخۇا لىن مۇئەللىمگە مۇنداق دەپتۇ: ــ ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھايۋاناتلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاپام قۇشنى، چوڭ ئاكام ئىتنى، ئىككىنچى ئاكام ئاتنى، ھەدەم ئالتۇن بېلىقنى ياخشى كۆرىدۇ.

ــ ئۇنداقتا داداڭچۇ؟

ــ دادام تام قوشنىمىز تۇلكە جىنى ياخشى كۆرىدۇ.

### تەڭرىنىڭ ئادەم يارىتىشى

ئەمدىلا باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن ئوغلى دادىسىدىن سوراپتۇ:

2005.5



—دادا، تەڭرى نېمىشقا ئالدى بىلەن ئەرلەرنى، ئاندىن ئاياللارنى ياراتقان؟

—بەلكىم ئۇ ئەرلەرنى ياراتماقچى بولغاندا، ئاياللارنىڭ قولاق تۈۋىدە توختىماستىن كوتۇلدىشىنى خالىمايدىغاندۇ.

### جازا

—ئاياللارغا نېمىنىڭ ئەڭ ئېغىر جازا ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

—بىلمەيمەن.

—ئۇنىڭغا چىرايلىق كىيىمنى كىيدۈرۈپ، ئاندىن ئۇنى ئەينەك يوق ئۆيگە سولاپ قويۇش.

### پارچىلىنىپ كەتكەن

بىر بالا ئۆڭكۈر ئېغىزىدىن ئون يۈەن تېپىۋېلىپ، خۇشاللىقىدىن ئۇچقاندەك بېرىپ قوشنىسىنىڭ بالىسىغا دەپتۇ. قوشنىسىنىڭ بالىسى ئۆزى بىلگەنچە دەپتۇ:

—بۇ چوقۇم مەن بۈگۈن ئەتىگەن ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆڭكۈر ئاغزىدا چۈشۈرۈپ قويغان ئون يۈەنلىك پۇل.

—راستىنلا سىنىڭمۇ؟ بىراق، مېنىڭ تېپىۋالغىنىم ئىككى دانە بەش يۈەنلىك پۇل.

—ئۇنداقتا چوقۇم يەرگە چۈشكەن ۋاقتىدا پارچىلىنىپ كەتكەن گەپ.

### نېمىشقا تېلېفوننى ئالسىز؟

مىل ئەپەندىنىڭ ئۆيىدىكى تېلېفون جىرىڭلاپ كېتىپتىكەن، ئۇ بېرىپ ئاپتۇ.

قارشى تەرەپتىن بىر بالا سوراپتۇ:

—سىزنىڭ نومۇرىڭىز 6944136 مۇ؟

—ياق—دەپتۇ مىل ئەپەندى.

—ئۇنداقتا نېمىشقا تېلېفوننى ئالسىز؟

### كىمنىڭ دادىسىنىڭ سۈرئىتى تېز؟

ئا: دادامنىڭ سۈرئىتى ئىنتايىن تېز. ئىستاكان يەرگە چۈشۈپ كەتكىچە تۇتۇۋالالايدۇ.

ب: مېنىڭ دادام تېخىمۇ تېز، 200 مېتىر يىراقلىقتىن كېيىكنى ئاتسا، كېيىك يىقىلغۇچە ئۇنى تۇتۇۋالالايدۇ.

ئا: ئۇ قانچىلىك ئىشتى، دادام ھەر كۈنى كەچتە بەش يېرىمدا ئىشتىن چۈشىدۇ، لېكىن ئۇ تۆت يېرىمدىلا ئىشتىن چۈشەلەيدۇ.

### سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق

بىر كۈنى ھەدەمنىڭ ئۆيىگە ئويۇنغىلى بارسام، ئۇ تۆت ياشلىق نەۋرىسىگە «سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق» دېگەن ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقانىكەن، ئۇنىڭ تەسىرلىك بايان قىلىشىنى ئاڭلاپ مەنمۇ ھېكايىگە مەپتۇن بولدۇم. بىراق نەۋرىسى قىلچە تەسىرلەنمەستىن ئاخىرىدا ئاچچىقلىنىپ دېدى:

ئاپىسى تازىمۇ دۆتكەن، سەرەڭگىنى ئەلۋەتتە كىشىلەر ئالمايدۇ، ئۇنىڭغا نېمىشقا چاقماق ساتقۇزمايدۇ؟».

### پويىزدىن چۈشسەملا چوڭ بولىمەن

پويىزغا چىقىشتىن ئاۋۋال، ئاپىسى ئوغلىغا تاپىلاپتۇ:

—بىلەت تەكشۈرگۈچىلەر يېشىڭنى سوراپ قالسا، سەن بەش ياش دېگىن.

بىلەت تەكشۈرگۈچى راستىنلا يېشىنى سوراپتىكەن، ئۇ بەش ياش، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

—بەش ياشتا مۇشۇنداق چوڭ بولۇپ كەتتىڭمۇ؟—سوراپتۇ بىلەت تەكشۈرگۈچى،—قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن ئالتە ياشقا كىرىسەن؟

—پويىزدىن چۈشسەملا،—جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

### تۇغۇلغان كۈن

بالىسى: ئاپا، مەن قاچان تۇغۇلغان؟

ئاپىسى: 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

بالىسى: ئۇنداقتا سەنچۇ؟

ئاپىسى: 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.

بالىسى: نېمە؟ سەن بەش كۈندىلا مېنى تۇغۇپ بولغانمۇ؟

توپلىغۇچى: قادىر ئۆمەر

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# باراڭ ئاستىدىكى پاراڭلار



يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

**«مەن ھەم شۇ»**

بەش ياشلىق تۇركىزات ئۆيگە يىغلاپ كىردى. بۇ ھالدىن ئىش ئۈستىلىدە ئولتۇرغان ئاتىسى ھەيران بولدى. چۈنكى تۇركىزات بۇ چاغقىچە تالادىن يىغلاپ كىرىپ باقمىغانىدى.

—نېمە بولدى ئوغلۇم، يىغلاپسەنغۇ؟—سورىدى ئاتىسى.

ياشار بىلەن توپ تېپىپ ئويناۋاتقانىدۇق. بىر توپ تېپىۋىدى يۈزۈمگە تەگدى، - دېدى تۇركىزات يىغىسىنى ئاران توختىتىپ،—ئۇ يۈگرەپ كېلىپ يۈزۈمنى سىلاپ: ئاغرىدىمۇ ئاداش، كەچۈرگىن، دېۋىدى، مەن قولىنى سىلكىۋېتىپ:

—قارىغۇ، كۆزۈڭ يوقمۇ،—دەپ تىللىدىم. ئۇ:

—مەن قەستەنگە تەپمىدىم، خاپا بولما، دېدى. مەن يەنە تىللىدىم. ئۇ:

—مەن ھەم شۇ،—دېدى. مەن تىللاۋەردىم، ئۇ:

—مەن ھەم شۇ،—دەلۋەردى. ئۇنىڭ نېمە دەپ تىللىغىنىنى بىلەلمەي ئاخىرى يىغلاپ تاشلىدىم.

— ھە، ياشارنى «مەن ھەم شۇ» دېدى، دېدىڭمۇ ئوغلۇم؟—بۇ چاغدا ئاتىنىڭ چىرايىدىن ھەم ئەپسۇسلىنىش، ھەم قانداقتۇر يوقاتقان قىممەتلىك بىر نەرسىنى تېپىۋالغاندەك خۇشاللىق ئالامىتى جىلۋىلەندى. چۈنكى ئۇنىڭ ئاتىسىمۇ ئۇلارغا «مەن ھەم شۇ» دېگەن سۆزنى ئۆگەتكەنىدى، لېكىن بالىسىغا بۇ سۆزنى ئۆگىتەلمىگەنىدى.

— ھە، شۇنداق دېدى، ئاتا،— دەپ جاۋاب بەردى تۇركىزات،—نېمىدەپ تىللىغىنى ئۇ؟

—بۇ سۆزنىڭ مەنىسى چوڭقۇر، بالام،—دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ئاتا،—ئاغىنىلىرىڭلار بىلەن سوقۇشماي ئىناق ئۆتۈڭلەر، بىر - بىرىڭلارنى ھە دېسىلا سەت - قوپال سۆزلەر بىلەن سۆكمەڭلەر، ئەگەر بىرەرسى يولسىزلىق قىلىپ سېنى تىللاۋەرسە، ئۇ چاغدا سەن ئاغزىڭنى بۇزماي «مەن ھەم شۇ» دەپلا قوي، شۇنداق دېسەڭ ئۇ سېنى قانداق تىللىغان بولسا، سەنمۇ ئۇنى شۇنداق تىللىغان بولىسەن، دېگىنى بۇ ئوغلۇم. چۈشەندىڭمۇ؟—ئاتا بىردەم جىمىپ قېلىپ قوشۇپ قويدى،—ئەڭ ياخشىسى بۇنداق چاغدا «مەن ھەم شۇ» دېگەن سۆزنىمۇ قىلماي ھەم يىغلىماي ئۆيگە ئۇدۇللا يېنىپ كىرگىن، جۇمۇ ئوغلۇم!

تۇركىزات بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، كۆڭلى يورۇپ كەتتى.

ئاتىلار سۆزى:

تىغ يارىسى ساقىيۇر، دىل يارىسى ساقايماس.

**مەنمۇ ئىدىم سېنىڭدەك، سەنمۇ بولۇرسەن مېنىڭدەك**

كوچا ئاپتوبۇس بېكىتىدە تەرتىپ بىلەن ئاپتوبۇس ساقلاۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا ھاسىغا تايىنىۋالغان ئاق ساقال بوۋايمۇ بار ئىدى. ئاپتوبۇس كېلىشىگە ئالىپتە كىيىنگەن بۇدرە چاچلىق يىگىت تەرتىپنى بۇزدى - دە، ئاپتوبۇسقا چىقماق بولۇپ بوۋايغا سوقۇلۇپ كەتتى. ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ چۈشكىلى تاس قالغان بوۋاينى باشقىلار يۆلەپ ئېلىپ ئاپتوبۇسقا ئېلىپ چىقتى. بېلەتچى قىز ھېلىقى يىگىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ دېدى:

—ياخشىمۇ سىز، مۇنۇ بوۋىمىزغا ئورۇن بەرسىڭىز.

—كىم قويۇپتۇ ئۇ قېرىغا يېتىشنى ياتماي، كىشىلەرگە پۇتلىكاشاڭ بولسۇن دەپ،—ئۇ شۇنداق دېگىنىچە غۇدۇراپ ئورنىدىن تۇرماق بولدى.

رەھمەت ساڭا بالام، تېگىل بولدى. ئەمما كۆپ ئەپسۇس، «مەنمۇ ئىدىم سېنىڭدەك، سەنمۇ بولۇرسەن مېنىڭدەك» دېگەن ھېكمەتنى بىلمەس ئىكەنسەن،—دېدى بوۋاي ئۇنىڭ مۇرىسىنى بېسىپ.

بوۋاينىڭ كۈچسىز، تىترەۋاتقان قوللىرى يىگىتكە گويا يەلكىسىنى غايەت سالماقلىق كۈچ بېسىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. شۇ چاغدا يان تەرەپتىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئىلىم تالىپى سۇپەت ياش ئورنىدىن تۇرۇپ، بوۋاينى ھۆرمەت بىلەن ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

—رەھمەت بالام، ئالىم بولۇڭ، ساغلام بولۇڭ،—دەپ تەشەككۈر ئېيتتى بوۋاي.

نەشتەردەك تىكىلگەن كۆزلەر ئالدىدا بۇدرە چاچلىق يىگىت يا ئولتۇرۇشنى، يا قوپۇشنى بىلەلمەي كىرپىدەك تۈگۈلۈپ قالدى.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

2005.5



مال بازىرىدا



پولات غوجا فوتوسى



# 美拉斯

# مىراس


主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》编辑部
(乌市友好南路22号文联14层)
电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I
国外统一刊号:ISSN1004—3829
代号:58—60
邮编:830001　定价:5.00元

باشقۇرغۇچى ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى.
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65- 1130/I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58
باھاسى: 5.00 يۈەن